شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

2001·7





يىغىن زالى

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 22 - يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

يىغىن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق نىزام لايىھىسىنى قاراپ چىقتى. «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىت بېقىشنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»نى تەستىقلاش قارارىنى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرىنى ماقۇللىدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەردىن ئىزاھ بېرىلمىگەنلىرىنى ۋاڭ شىنپىڭ تارتقان)



ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى فېڭزى سانجى ئوبلاستلىق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ياڭ يي فوتوسى



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇرېھىم ھامىد گۇرۇپپا يىغىنىدا نىزام لايىھىسىنى قاراپ چىقتى.



ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما جيەنگو باغراش تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شيې رۇڭرۇڭ فوتوسى



8 - ئىيۇن ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا كېڭەيتىلگەن يىغىن ئاچتى.



ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى 10 - قېتىملىق قانۇنچىلىق لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇردى. يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدىن خۇاڭ لىيۇ «دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار دەۋاسى تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى.

## ئۇنىۋېرسال سۈرەتلىك خەۋەر




4 - ئىيۇندىن - 16 - ئىيۇنغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى تەربىيىلەش مەركىزىدە ئېچىلدى. بۇ كۇرس ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

# پارتىيە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالغا باسايلى

## ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پەقەت پارتىيە رەھبەرلىكىدە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنىڭغا تايانغاندىلا، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئاندىن ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. بۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىنىڭ كۆپ يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتىدىن چىقىرىلغان يەكۈن.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى سىياسىيغا، پارتىيىۋىلىككە ئەھمىيەت بېرىشتە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيەدە ۋە ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەك بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قەتئىي تۈردە پارتىيە رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇپ، يەرلىك نىزام چىقىرىش، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنى نازارەت قىلىش، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ۋە دۆلەت ئورگىنى كادىرلىرىنى تەيىنلەش، قالدۇرۇش قاتارلىق خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈش داۋامىدا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كادىرلارنى قانۇن بويىچە تەيىنلىشى، قالدۇرۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ زور ھەل قىلغۇچ تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تېمىنى زىچ چۆرىدەپ، يەرلىك نىزاملارنى ۋاقتىدا چىقىرىپ، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللەش ۋە ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى دائىم قانات يايدۇرۇپ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ۋە كادىرلارنى تەيىنلەش، قالدۇرۇش قاتارلىق خىزمەت ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى، خەلق ئاممىسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى.

مەملىكەت مىقياسىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان خۇشاللىق كۈنلەردە، شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسى 20 نەچچە يىللىق تارىخىي مۇساپىسىنى يەكۈنلەپ ۋە ئەسلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئورنىتىلغان خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەممە خىزمەتلىرىنى پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا دائىر زور ھەل قىلغۇچ تەدبىرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ خەلق ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان تەشەببۇسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ھەرىكەت مىزانى قىلىش كېرەك. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا تۈزۈم ۋە قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى، خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئەمەلىيىتىدە ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كەلتۈرگىلى، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

يېڭى ئەسىر، يېڭى ۋەزىيەتتە، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر بولىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي تەدبىرنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىلىشىگە ئەگىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشى، مەيلى قانۇن چىقىرىش، نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىدە بولسۇن، ياكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش، كادىرلارنى تەيىنلەش، قالدۇرۇشتا بولسۇن، ھەممىدە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نى يېتەكچى ئىدىيە قىلىشى كېرەك. بىرىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ، ئومۇملۇق قارىشىنى ھەقىقىي تۇرغۇزۇپ، ئومۇملۇققا خىزمەت قىلىشنى چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتا قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى باشتىن ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلىگىدىغان قىلىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، يېڭى يوللار ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، تىرىشىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە تايىنىپ ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئاممىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئاممىنىڭ غەم ئەندىشىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن ياخشى قانۇنچىلىق مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەلدە كۆرسىتىپ، پارتىيە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالغا بېسىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى مەڭگۈ دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭدۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار ئىش يولىدا بوشاشماي تىرىشىشى كېرەك.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大


(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)

2001 ـ يىل 7 ـ سان

(ئومۇمىي 220 ـ سان) (21 ـ يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇھەررىرلەر: تاھىر مامۇت، نۇرگۈل كېرەم


## ئوبزور


پارتىيە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئالغا باسايلى ........ ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)


## مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر


يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى چۈشەپ تۇرغان بىرنەچچە غەيرىي قانۇنىي ئامىللار ........ دىلى جيەنيۇن (4)

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ئىدىيىسى ۋە پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ........ ئەكبەر ئابدۇللا (10)

دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشتە ئۈچ ھالقىلىق ۋەزىپىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك ........ ئەكبەر ئوسمان، ئابلىمىت ئوسمان (14)


## قانۇن تەتقىقاتى


مۇھىت ھوقۇقى قوغدىلىشى كېرەك ........ ئەركىن روزى (18)

قانۇن چىقىرىشتا ئادىل بولۇش بىلەن قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كاپالىتى ........ لى بوجۇن (20)


## مۇلاھىزە


ئوقۇتۇش ۋە ناچار ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش ........ باھارگۈل ساۋۇت (23)

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ........ تاھىرجان ئۆمەر (26)

ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا ........ روزى نىياز (30)


## جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش


خەلق قۇرۇلتىيى ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش دوسكىسى تەسىس قىلىنىشى كېرەك ........ نۇرگۈل كېرەم (33)


## ئۆگىنىش


دۆلەتنى تۈزمەشتە ئالدى بىلەن پارتىيىنى تۈزەش كېرەك ........ ئابلىمىت نۇر (34)


## باشلامچىلار


دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر ........ ئابدۇكېرەم ئۆمەر (37)

## قانۇن مەسلىھەتچىسى

بېقىۋېلىش شەرتىگە توشمايدىغان بالىنى نىكاھتىن ئاجراشقان بىر تەرەپكە ھۆكۈم قىلىشقا بولامدۇ ........................ (40)

## مۇشتەرىلەردىن خەت

«ئاپتونوملۇق ھوقۇقى قانۇنى»نى مەتبۇئات ساھەسى ئەمۇنىلىك ئىجرا قىلىشى كېرەك ........................ ھېلىم موللايېۋ (41)

## خەۋەرلەر

ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك «خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىق قىلىنغان ياخشى خەۋەرلەر»نى باھالاش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى چىقتى قاتارلىق توققۇز پارچە خەۋەر ........................ (43)

## تەرمىلەر

چەت ئەلدە ئوقۇش ئۈچۈن يىلىغا قانچىلىك پۇل كېتىدۇ قاتارلىق تۆت پارچە تەرمىلەر ........................ (51)

## بىلىۋېلىڭ

يېڭى كۆزگە ئاق چۈشۈش كېسىلى ۋە يۈرەك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ قاتارلىق ئىككى پارچە ماقالە ........................ (54)

## دۇنياغا نەزەر

چەت ئەللەرنىڭ خام چوت لايىھىسىنى تۈزۈش جەھەتتىكى قانۇنىي يېتەرسىزلىكى قاتارلىق ئۈچ پارچە ماقالە ........................ (55)

## دىپلودىن ساۋات

ھاقارەتلىنىش بەدىلىگە بېرىلگەن 66 . 74 يۈەن تۆلەم ........................ يەن يالى (61)

## ئەتىرگۈل

سۆيۈملۈك پارتىيە قىبلىگاھىمەن ........................ ھەبىبۇللا ئوسمان (63)



بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە

نەشر قىلىنىدۇ

ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

تېكىستى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش

ئورنىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 ـ 1166/D

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58

پوچتا نومۇرى: 830000

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 ـ قورۇ

تېلېفون: 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى جۇشەپ تۇرغان بىرنەچچە غەيرىي قانۇنىي ئامىللار



دىلى جيەنيۈن

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە، مىساللار ئاز ئەمەس. لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ خىزمەت يەنىلا يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىدىكى ئەڭ ئاجىز بىر ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. بۇنىڭدىكى سەۋەبكە كەلسەك، بىر قىسىم كىشىلەر نەزەرىيە جەھەتتىكى چەك ـ چېگرا ئېنىق ئەمەس، دەپ قارىسا، يەنە بەزى كىشىلەر قانۇن جەھەتتىكى چەك ـ چېگرا روشەن ئەمەس، دەپ قارىماقتا.

ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئەگەر چوڭ جەھەتتىكى نۇقتىدىن كۆزەتكەندە، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈشكە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاساسىي سەۋەبنى نەزەرىيە مەسىلىسى دېگەندىن كۆرە، ئەمەلىيەت مەسىلىسى؛ قانۇنلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى بەزى بەلگىلىمىلىرى مۇكەممەل، كونكرېت ئەمەس دېگەندىن كۆرە، بىزنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىمىزدا، ئىدىيە ئۇسۇلىمىزدا، سىياسىي تۈزۈلمىمىزدە يەنىلا بىرمۇنچە چەكلەش ئامىللىرى مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا، دېگەن تۇرۇك. ئاشۇنداق غەيرىي قانۇنىي مەسىلىلەر توپ جەھەتتىن، ئومۇمىي ۋەزىيەت جەھەتتىن يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈشىنى چۇشەپ قويماقتا. يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى نەزەرىيە تەتقىقاتى ياكى قانۇن، نىزام چىقىرىش ئارقىلىقلا پۈتۈنلەي ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

## ئامىلنىڭ بىرىنچىسى: ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسى

«جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنى»نىڭ 104 ـ ماددىسىدا: «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونى دائىرىسىدىكى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەردىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىدۇ، قارار قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 44 ـ ماددىسىدا: «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونى دائىرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، مۇھىت ۋە بايلىق ئاسراش، خەلق ئىشلىرى، مىللەت قاتارلىق خىزمەتلەردىكى چوڭ ـ چوڭ

ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىدۇ، قارار قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى ئاشۇ بەلگىلىمىلەر نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئۇ تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

*1. قارار قىلىش ھوقۇقى سۇبيېكتىنىڭ يەگانىلىقى.* يەنى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى دۆلەت نامىدىن يەرلىكنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى قارار قىلىدىغان بىردىنبىر سۇبيېكت ھېسابلىنىدۇ. بىر تەرەپتىن، يەرلىك پارتكوملارنىڭ يەرلىكنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە چىقىرىدىغان چوڭ - چوڭ تەدبىرلىرى ۋە تەشەببۇسلىرى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت دۆلەت شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. پارتكوملار يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھوقۇقىغا چات كىرىۋالمايدۇ. پارتكومنىڭ نامىدا يەرلىك دۆلەت ئىشلىرىغا دائىر قارار چىقارمايدۇ، ھەمدە بارلىق يۇقىرىلارنىڭ بىردەك ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈرمەيدۇ. بۇ ھەم قانۇن ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇش پرىنسىپىنىڭ ئاساسىي تەلىپى، ھەم پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسى ۋە رەھبەرلىك سەنئىتىنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى. يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەت ھاكىمىيەت ئىش تەقسىماتى پرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھوقۇق جەھەتتىن ئېيتقاندا، «قارار قىلىش» بىلەن «ئىجرا قىلىش»، «چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش» بىلەن «كونكرېت مەمۇرىي خىزمەتلەرنى باشقۇرۇش» مۇناسىۋىتى بولۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ھوقۇقىدىن ھالقىپ چىقىپ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يۈرگۈزىدىغان ھوقۇقنى يۈرگۈزسە بولمايدۇ.

*2. قارار قىلىش ھوقۇقى دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى.* بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئۆز مەمۇرىي رايونى دائىرىسى ئىچىدە، ئۆزى قارار قىلسا بولىدۇ، دەپ قارىغان ھەممە چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەنە ئوچۇق، توغرا، ئېنىق بولۇپ، ھېچقانداق شەرتلىك چەكلىمە يوق.

*3. قارار قىلىش ھوقۇقى خاراكتېرىنىڭ خەلقچىللىقى.* قارار قىلىش ھوقۇقى بارلىق ھاكىمىيەتنىڭ خەلققە مەنسۇپ بولۇشىدەك خاراكتېرىنىڭ ئىنكاسى. خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىدەك دېموكراتىك ھوقۇقنىڭ ئەڭ مەركەزلىك گەۋدىلىنىشى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغانلىق خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغانلىق بولىدۇ.

*4. قارار قىلىش ھوقۇقىنىڭ يۈرۈشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجىلىقى.* ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ھوقۇق دائىرىسى پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئاساسىي قانۇننىڭ 3 - ماددىسىدا: «مەركەز ۋە يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئايرىشتا، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، يەرلىكنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مەملىكىتىمىز ئاھالىسى كۆپ، يېرى كەڭ، ھەرقايسى جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى تەكشىسىز چوڭ دۆلەت. شۇڭا، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، يەرلىكلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. يەرلىكنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقى بولمايدىكەن، دۆلەتنىڭ سىجىل تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك گۈللىنىشى بولمايدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 50 نەچچە يىللىق ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلەردىكى تەجرىبىلەرمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. يەرلىكنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى، ئاكتىپچانلىقىنى،

ئىجادچانلىقىنى قوزغاشتا، يەرلىككە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى بېرىش، يەرلىكنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان ھالدا تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقى بولۇشىغا يول قويۇش كېرەك. خۇددى يولداش پېڭ جېن ئېيتقاندەك: «مەركەز ھەممە ئىشنى باشقۇرۇپ، ھەممە ئىشنى بىر تەرەپ قىلىپ بولالمايدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا شۇنچە زور ھوقۇقلارنى ئاتا قىلىشىدىكى سەۋەبمۇ دەل ئاشۇ يەردە».

يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئاتا قىلغان ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە، ئۆز مەمۇرىي رايونى دائىرىسىدىكى كونكرېت ئەھۋاللارغا ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن يەرلىك ئىشلارنى مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا قارار قىلىپ، يەرلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرسە بولىدۇ.

*ئى. قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ مەجبۇرىيەتلىكى:* ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەت زىچ باغلىنىشچانلىققا ئىگە. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا زور ھوقۇقلارنى ئاتا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە زور مەسئۇلىيەتنىمۇ يۈكلىگەن. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بېرىلگەن ھوقۇقنى يۈرگۈزمىسە ياكى يۈرگۈزەلمىسە بۇ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقىنىڭ دېگەندەك ياخشى يۈرگۈزۈلمەسلىكى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جۈملىدىن يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقىنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ دېگەندەك چوڭقۇرلىشالمىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. خېلى ئۇمۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان بىر خىل تونۇش شۇكى، بىرمۇنچە ساھە ۋە كىشىلەر خەلق قۇرۇلتىيىنى پەقەت نازارەتچىلىك قىلىدىغان ئورگان، يەنى، پارتكوم قارار چىقىرىدۇ، ھۆكۈمەت ئىجرا قىلىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. «پارتكوم ئويۇن تەييارلايدۇ، ھۆكۈمەت ئوينايدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى باھالايدۇ» دېيىش ئاشۇنداق قاراش ـ تونۇشنىڭ ئىنكاسى. ئاشۇنداق تونۇش بولغانلىقتىن، ئىجتىمائىيەتتىكى ئالاقىدار تارماقلار قىزىل باشلىق ھۆججەتكە ئاساسەن ئىش قىلىشقا، مەمۇرىي بۇيرۇققا ئاساسەن ئىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان. ئۇلار خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلمايدۇ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە يول قويمايدۇ، ھەتتا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇنغا ئاساسەن ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى ھوقۇق تەلەپ قىلغانلىق، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلەتكەنلىك، ھوقۇق تالاشقانلىق دەپ تونۇيدۇ.

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى قارار قىلىش ھوقۇقىغا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە، ھەمىشە دېگۈدەك ئاگاھلىق ياكى ئاڭسىز يوسۇندا ئىددىيە جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى چەكلىۋالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشۈۋالىدۇ. «ھوقۇقتىن ھالقىپ كېتىش» مەسىلىسىنى كۆپرەك ئويلايدۇ. «ھوقۇقنى يۈرگۈزەلمەي قېلىش» مەسىلىسىنى ئازراق ئويلايدۇ. ھەتتا «ھوقۇقنى يۈرگۈزەلمەي» قالغاندىمۇ «ھوقۇقتىن ھالقىپ كەتمەسلىك» كېرەك، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە جۈرئەت قىلالماي، قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى خالىماي، ھەتتا قارار قىلىش ھوقۇقىنى كېرەك قىلماي، ئۇنى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويىدۇ.

بەزى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خېلى يىللاردىن بۇيان ھېچقانداق قارار چىقارمىدى. بەزىلىرى چىقارغاندىمۇ قارار چىقىرىشقا تېگىشلىك بولۇپ قالغاچقىلا چىقاردى. چىقارغان قارارلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن ئالغاندا، «كەم ـ كۈتىسىنى تولۇقلاپ قويۇش» بىلەنلا بولدى قىلدى. يەنى، پارتكوم ياكى ھۆكۈمەت سەل قارىغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدىلا قارار چىقىرىپ، «گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرۈپ»،

پارتكوم ياكى ھۆكۈمەت مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتقان مەلۇم خىزمەتلەر ئۈستىدە قارار چىقاردى. يەنە بەزىلىرى «قىزىق نۇقتا»، «قىيىن نۇقتا» مەسىلىلىرىنى ئالاھىدە تىۋتۇش كېرەك، دەپ قارىدى ۋەھاكازالار.

يۇقىرىقىدەك قاراشلار ۋە ئىشلارنىڭ ئەمەلىيەتتە بەلكى ئەقىلگە مۇۋاپىق تەرەپلىرى بولۇشى، يولغا قويۇشچانلىقتا ئىگە بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، ئۇ تالاش-تارتىش قىلىشقا بولمايدىغان مۇنداق بىر پاكىتنى — يەنى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مەسىلىسىدە، ئومۇمەن خەلق قۇرۇلتايلىرى قانۇندا بېكىتىلگەن ھوقۇقى دائىرىسىدىكى چوڭ-چوڭ ئىشلارنى خەلق قۇرۇلتايلىرى قارار قىلىدۇ، دېگەن خىزمەتنى ئورۇنديالمىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھوقۇق يۈرگۈزگەندە، «ھوقۇقىدىن ھالقىپ» كەتمەسلىكى ھەقىقەتەن توغرا. ھوقۇقى بار تۇرۇپ ئىشلەتمەسلىك ياكى ئاز ئىشلىتىش، تەبىئىيكى، ھوقۇقىدىن ھالقىپ كەتكەنلىك بولمايدۇ. لېكىن، يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك ھوقۇقنى يۈرگۈزمەسلىك، قارار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قارار قىلماسلىق مەسئۇلىيەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مەسىلىسىدە، ھەممە تەرەپلەر ئوخشاشلا يېتەكچى ئىدىيىنى توغرىلىشى، تونۇشنى ئۆستۈرۈشى، مەۋقەنى روشەنلەشتۈرۈشى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن بويىچە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى قوللىشى كېرەك. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىمۇ پاسسىپ كۈتۈپ تۇرۇش، قىلىدىغان ئىش تاپالماسلىقتەك ئىدىيەلەرنى يېڭىپ، تەشەببۇسكارلىق، ئىجادچانلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، تولۇپ تاشقان جاسارەت بىلەن ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش دېموكراتىيە ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم.

## ئاممىنىڭ ئىككىنچىسى: ئىدىيىۋى ئۇسۇل مەسىلىسى

چوڭ-چوڭ ئىشلار دېگەن نېمە؟ چوڭ-چوڭ ئىشلارنى بېكىتىشنىڭ ئۆلچىمى قايسىلار؟ بۇلار يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىكى قىيىن نۇقتا. شۇنداقلا نەزەرىيە جەھەتتىن تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي نۇقتا. خېلى كۆپ نەزەرىيە تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئەمەلىي خىزمەت قىلغۇچىلار چوڭ-چوڭ ئىشلارنىڭ دائىرىسى، چەك-چېگرىسىنى بېكىتىشكە تىرىشىپ باقتى. بەزى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يەرلىك نىزام چىقىرىش ئارقىلىق ياكى نىزام چىقىرىشقا تەييارلىق قىلىش جەريانىدا قانۇننىڭ پرىنسىپال بەلگىلىمىلىرىنى كونكرېتلاشتۇردى، ئاپتورنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل تەسەۋۋۇر ۋە ئۇسۇللار مېتودولوگىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا ئويلىشىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

*1. ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئۆزگىرىشچانلىقى چوڭ-چوڭ ئىشلارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ بىرلىككە كەلگەن، ئوبيېكتىپ ئۆلچىمى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بەلگىلىگەن.*

بىلىمىز يېرى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت تەرەققىياتى تەكشىسىز، ئوخشىمىغان جايلارنىڭ كونكرېت شارائىتى، كونكرېت ئەھۋالى تولىمۇ پەرقلىق بولغان چوڭ دۆلەت. بولۇپمۇ دۆلىتىمىز ھازىر تۈزۈلمىدە يېڭى ئىزغا چۈشۈۋاتقان ئىجتىمائىي چوڭ ئۆزگىرىش دەۋرىدە، ئەھۋاللارنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى زور بولماقتا. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئوخشاشلا بىر تۈرلۈك ئىش بىر رايوندا چوڭ ئىش بولسا، يەنە بىر رايوندا چوڭ ئىش بولماسلىقى مۇمكىن. بىر رايوننىڭ ئۆزىدىمۇ، چوڭ-چوڭ ئىشلار ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە، شەرت-شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ ۋاقىت، ئۇ شارائىتتا «چوڭ-چوڭ» بولغان بولسا، بۇ ۋاقىت، بۇ شارائىتتا «چوڭ-چوڭ» بولماسلىقى مۇمكىن. دېمەك، چوڭ-چوڭ ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىشقا بولىدىغان ئۆزگەرمەس ئۆلچەم مەۋجۇت ئەمەس. ئالاھىدە زامان-ماكان شەرت-شارائىتىدىن ئايرىلغاندا، ھەتتا

«يامغۇرنىڭ يېغىشى ياخشى ئىشمۇ، يامان ئىشمۇ؟» دېگەندەك ئاددىي بىر مەسىلىگە جاۋاب تېپىشمۇ مۇمكىن بولماي قالىدۇ. بۇ ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي پرىنسىپى.

*2. چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنىڭ دائىرە چېكىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئايرىش پرىنسىپىنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس.*

ئانالىز نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەركەز يەرلىكنىڭ ئىشلىرىنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يەرلىككە بەرگەن، بۇ خىزمەت ئىش تەقسىماتى بولماستىن، دۆلەت ھوقۇقىنى تەقسىملەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ ئايرىپ بەرگىنى قارار قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئىش تۈرى دائىرىسى بولماستىن، بەلكى قارار قىلىش ھوقۇقىنىڭ ھوقۇق چېكى دائىرىسىدىن ئىبارەت.

ھوقۇقنىڭ دائىرىسى چەكلىك بولىدۇ. يەنى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونى دائىرىسىدىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۈستىدىلا قارار چىقىرالايدۇكى، ھەرگىز ھوقۇقىدىن ھالقىپ چىقىپ، مەركەز ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى قارار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرالمايدۇ. لېكىن، قانۇندا بېكىتىلگەن ھوقۇق دائىرىسىگە ئۇيغۇن بولۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، قىلىدىغان ئىشلارنىڭ دائىرىسى چەكسىز بولىدۇ. ھەرقانداق بىرئىش قارار قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئوبيېكتى بولالايدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا قايسى ئىشلارنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلار بولۇشى كېرەكلىكى بەلگىلەنمىگەنلىكى قانۇن چىقارغان چاغدىكى بىخەستەلىك بولماستىن، بەلكى ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈش، ئىلمىي يوسۇندا ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشنى تاللىغانلىقتىن ئىبارەت.

ھوقۇقنى ئايرىش، ئىشنى ئايرىماسلىقنىڭ گەۋدىلەندۈرىدىغىنى جانلىق بولۇش، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ۋە ھوقۇقنى كەڭ كۇشادە يۈرۈشلەشتۈرۈش بوشلۇقى قالدۇرۇش بولۇپ، ئۇ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز يېرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، مادارىغا بېقىپ، ۋاقىت بىلەن ھېسابلىشىپ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى بېكىتىش ۋە ئۇلارغا قارىتا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن قارار چىقىرىشىغا پايدىلىق. چەكسىز ئىشلارغا چەكلىك ئۇسۇل ئارقىلىق چەك بېكىتىۋېلىش — ئوبيېكتىپ جەھەتتە قارار قىلىش ھوقۇقىنى ئىشلىتىشكە «چەكلەنگەن رايون» ئايرىۋالغانلىق، قارار قىلىش ھوقۇقىنى كىچىكلىتىۋەتكەنلىك، شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ھوقۇق يۈرگۈزۈشنىڭ جانلىقلىقىنى بوغۇپ قويغانلىق بولىدۇ.

*3. چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنىڭ دائىرىسىگە چەك بېكىتىۋالغاندا، چارە ـ ئۇسۇل ياكى قانۇن چىقىرىش تېخنىكىسىغا ناھايىتى زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.*

چەكنى بېكىتىشتە بەك يىرىك قىلىۋېتىشكىمۇ، بەك ئىنچىكە قىلىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ؛ بەك كۆپ قىلىۋېتىشكىمۇ، بەك ئاز قىلىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. چەكنى بەك يىرىك بېكىتكەندە، شەكىل جەھەتتە، تەبىئىيكى، قاتتىق زېچلىق كېلىپ چىقىپ، ئەمەلىيەتتىكى مەشغۇلاتچانلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ ـ دە، نىزام چىقىرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. چەك بېكىتىشتە بەك ئىنچىكىلەپ كەتكەندە، ئىشلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، ئاخىرى يوق ھالەت شەكىللىنىپ، ئەمەلىي ئىشلىگەندە بەزى مۇھىملىرى قېپقالىدىغان، بۇنىڭ بىلەن ئومۇملۇققا تەسىر كۆرسىتىشتىن ساقلىنالمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. يىرىكمۇ بولماسلىق، ئىنچىكىمۇ بولماسلىقنىڭ نەتىجىسى تەڭپۇڭلۇق بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋاقىت، ئورۇن ۋە شارائىت بىلەن ھېسابلاشماي، مۇرەككەپ شەيئىلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېلىش، مۇرەككەپ شەيئىلەرگە ئۇنىڭ ئۆزى ۋە قارشىسىدىكى ھالەتكە توغرا كەلمەيدىغان چەك ـ چېگرىنى بېكىتىۋېلىش، ھەتتا ھەممە ئىشلارنى قارىغۇلا چوڭ ـ چوڭ ئىشلار قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقىش ھەم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا

ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ھەم ھوقۇقنى ئايرىشنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش مەقسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ مېتودولوگىيە جەھەتتىن ئىلمىيلىككە ئىگە ئەمەس.

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە يۇقىرىقىدەك تار تەپەككۇر ئۇسۇلىنى چوقۇم ئۆزگەرتىپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر خىل رامكىلارنىڭ چەكلىمىسى ۋە ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشقا جۈرئەت قىلىپ، قانۇندا بېكىتىلگەن ھوقۇق چېكى دائىرىسى ئىچىدە دادىل، جانلىق بولۇپ، يەرلىكنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىدىن قارار چىقىرىشقا بولىدىغان ھەممە ئىشلار ئۈستىدە قارارلارنى مۇناسىپ چىقىرىشى لازىم.

**ئالتىنچى، ئۈچىنچىسى: سىياسىي تۈزۈلمە مەسىلىسى**

پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىماسلىق، پارتىيىنىڭ ھۆكۈمەتكە ۋاكالەتچىلىك قىلىش، ھوقۇقنى يۇقىرىدا مەركەزلەشتۈرۈۋېتىش ــ ئېلىمىز سىياسىي تۈزۈلمىسىدىكى بىر نۇقسان. بۇ خىل سىياسىي تۈزۈلمە ئاستىدا، پارتكوم تەدبىر بەلگىلەيدىغان، ھۆكۈمەت ئىجرا قىلىدىغان ياكى پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەت بىرلىكتە تەدبىر بەلگىلەيدىغان سىياسىي ھوقۇق يۈرۈشۈش ئەندىزىسىنى شەكىللىنىپ قالغان. نەتىجىدە، پارتكوم دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرە ئالىدىغان، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقى چەكسىز ئېتىبارغا ئېرىشىپ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى شەكىللىگە ئايلىنىپ قېلىش ھالىتى مەۋجۇت بولماقتا. شۇڭا، چوقۇم سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق پارتكوم تەدبىر بەلگىلەيدىغان، ھاكىمىيەت ئورگىنى قارار قىلىدىغان، ھۆكۈمەت ئىجرا قىلىدىغان مۇشۇنداق بىر خىل سىياسىي ھوقۇق قۇرۇلمىسىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىش پرىنسىپى بويىچە، پارتكومنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇق ئىش تەقسىماتى پرىنسىپى بويىچە، قارار قىلىش ھوقۇقى بىلەن مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئەمەلىيەتتە ساقلىنىۋاتقان قارار قىلىش ھوقۇقى بىلەن مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ زىددىيىتى، مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئاساسلىقى، بۇ قانۇن مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى سىياسىي تۈزۈلمىدىكى مەسىلە. مەسىلەن، ھازىر مەمۇرىي ئورگاننىڭ نوپۇزى، ئەمەلىيەتتە، ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭكىدىن يۇقىرى، مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقى، ئەمەلىيەتتە، قارار قىلىش ھوقۇقىدىن زور. مەمۇرىي باشلىقنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئورنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا خەلق قۇرۇلتىيى رەھبەرلىرىنىڭكىدىن ئۈستۈن، ۋەھاكازالار. سىياسىي تۈزۈلمىدىكى مەسىلە ھەل بولسىلا، مەمۇرىي جەھەتتىكى ھوقۇقتىن ھالقىپ كېتىش مەسىلىسىمۇ تەبىئىي ھەل بولىدۇ.

(**«خەلق قۇرۇلتىيى تەتقىقاتى»** ژۇرنىلىنىڭ **2000** ـ يىل **12** ـ سانىدىن **سەمەت دۇگايلى** تەرجىمىسى)

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

**سەمىمىي جاۋاب**

بىر قېتىم بىر كىشى ئېينىشتېيندىن:

ــ ئىنسانلار كېيىنكى قېتىمقى ئۇرۇشتا قانداق قورال ئىشلىتەر؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ بىلمەيمەن! ــ دېدى بۇ ئۇلۇغ ئالىم جاۋاب بېرىپ، ــ لېكىن مەن شۇنى سەمىمىيلىك بىلەن دەپ قوياي، كېيىنكى قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئىشلىتىدىغان قورالى چوقۇم تاش بولىدۇ.

**(تاھىر مامۇت تەرجىمىسى)**

# يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ئىدىيىسى ۋە پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا



ئەكبەر ئابدۇللا

يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول. ئۇ بىزنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت كۆز قارىشىمىزنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بۇلىقى بولۇپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. ئۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇ مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تەۋرەنمەس ئاساسىي فاڭجېن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇنىڭدىن قىلچە تەۋرىنىشكە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ». يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە دېموكراتىيە بىلەن قانۇنچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى تەكىتلەپ، تولۇق قىلىپ دېموكراتىيىنى جەزمەن تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش، بۇ خىل تۈزۈم ۋە قانۇننى رەھبەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان، رەھبەرلەرنىڭ كۆز قارىشى ۋە دىققەت ـ ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان قىلىش كېرەك. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىجادىي ھالدا «بىر قولدا قۇرۇلۇشنى تۇتۇش، بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىق، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە ئۇ «يەنىلا قانۇنچىلىققا تايىنىش كېرەك، قانۇنچىلىققا تايىنىش ئىشەنچلىك بولىدۇ» دەپ قارىغان. بۇ مۇھىم بايانلاردا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ئېچىپ بېرىلگەن. يېڭى تارىخىي دەۋردە ھەم ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تونۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش لازىملىقى ھەم دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىقنى تۇتۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش لازىملىقى ھەم ئىقتىسادنىڭ ئاساس ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەل قىلغۇچ رولىغا ئەھمىيەت بېرىش ھەم ئۈستىقۇرۇلمىنىڭ ئەكس تەسىرىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان تونۇشى ئىنتايىن زور دەرىجىدە يۇقىرى

كۆتۈرۈلۈپ، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمىتىدىكى مۇھىم ئورنى تۇرغۇزۇلغان.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا قوشقان تۆھپىسى يەنە ئۇنىڭ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھەم ئاسان ئېغىش يۈز بېرىدىغان تونۇش جەھەتتىكى كۆپلىگەن مەسىلىلەرگە، مەسىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا ئوخشاش خاتالىقلاردىن نېمىگە تايىنىپ ساقلىنىش لازىملىقى، خىيانەتچىلىك ـ چىرىكلىك ۋە ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى نېمىگە تايىنىپ ئالدىنى ئېلىش لازىملىقى، كىشىلىك ھوقۇقنى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ بەختەرلىكىنى ۋە ھوقۇقىنى نېمىگە تايىنىپ قوغداش لازىملىقى، شۇنىڭدەك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا غەربنىڭ ئەندىزىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولامدۇ ـ يوق؟ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە بولامدۇ ـ يوق؟ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا دېموكراتىيىنىلا سۆزلەپ، قانۇنچىلىقنى سۆزلىمەسلىككە بولامدۇ ـ يوق؟ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا پارتىيە رەھبەرلىكىنى كېرەك قىلىش لازىممۇ ـ يوق دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرگە چوڭقۇر ھالدا جاۋاب بېرەلىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئىخچام شەرھلىگەن ۋە ئۇنىڭغا توغرا جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «دېموكراتىيە بولمىسا سوتسىيالىزممۇ بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ بولمايدۇ، جۇڭگودا بۈگۈنكى كۈندە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان دېموكراتىيە پەقەتلا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، مۇھىم نۇقتا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى باشقۇرۇشنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى، پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ دېموكراتىيىلىشىشىگە تۈزۈم جەھەتتە كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈمى؛ خەلق دېموكراتىيىسى ـ دىكتاتۇرىسىنى جەزمەن سۆزلەش لازىم؛ دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش دىكتاتۇرىنى كېرەك قىلماسلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ؛ ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە ۋە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش؛ ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا ئاساسلىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش؛ قانۇن ۋە تۈزۈم ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ پارتىيە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىش؛ قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشتە تۈپ مەسىلە ئادەم تەربىيىلەش؛ دېموكراتىيە قانۇنچىلىقنى چوقۇم قەدەممۇ قەدەم باسقۇچلۇق ۋە رەھبەرلىككە بولغان ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇش؛ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى سۆزلەش كېرەك؛ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا قانۇنچىلىققا تايىنىش لازىم؛ مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ؛ دېموكراتىيە قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىپ، تىنچ ئىتتىپاقلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» قاتارلىقلار. بۇلار بىز بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق يېتەكچى بولغان نىشاندۇر.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ بىر قاتار يېڭى ئىدىيە، يېڭى بايانلىرى دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان. بولۇپمۇ ئۇ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى بىر خىل جىددىي ۋە ۋاقىتلىق تەدبىر دەپ قارىماستىن، بەلكى ئۇنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى، ئاساسىي سىياسىتى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى تەكىتلەپ، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىكى ئورنى ۋە رولىنى ئىلمىي ھالدا تۇرغۇزۇپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىققا بولغان تونۇشىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن تارىخىي سەكرەشكە ئىگە قىلىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇپ، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى.

يۈكسەك دېموكراتىيە سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. 14 ـ قۇرۇلتايدىن بۇيان، ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە كېڭەيتىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بارغانسېرى زور رول ئويناپ، خوجا-

يىلىق ئورنىنى ئۆزلۈكسىز ئۈستۈرۈپ باردى. كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى بىلەن سىياسىي كېڭەش تۈزۈمى ئۆزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ سىياسىي جەھەتتە كېڭەش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتىكى رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. شەھەر، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە قۇرۇلۇشى ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. يېزىلاردا «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دېموكراتىك سايلام، دېموكراتىك سىياسەت، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەتچىلىك ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان يېزا ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى ئاپتونومىيە پائالىيەتلىرى ئىزچىل قانات يايدۇرۇلدى. 1996 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 938 مىڭدىن ئارتۇق يېزا، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك بىۋاسىتە سايلام ئۆتكۈزۈلدى، بۇ كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ 99% نى ئىگىلەيدۇ؛ شەھەرلەردە «ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، شەھەر، بازارلاردىكى ئاھالە كومىتېت تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاپپاراتلار ئۆزلۈكسىز قۇرۇلدى ۋە ساغلاملاشتۇرۇلدى. 1996 ـ يىلى قانۇن بويىچە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 113 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە كومىتېت رايونلىرى ئاھالىلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق ئاھالە كومىتېتلىرىنى سايلاپ چىقتى، بۇ ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ 98 % نى ئىگىلەيدۇ؛ كىشىنى تېخىمۇ ھاياجانغا سالىدىغىنى جۇڭگودىكى ئەڭ ئاساسىي قاتلام سىياسىي تەشكىلاتى 50 مىڭدىن ئارتۇق يېزا ـ بازارنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى 1997 ـ يىلىنىڭ 1 ـ پەسلىدە ئۆتكۈزۈلۈپ 760 مىليون سايلىغۇچى قويۇق دېموكراتىيە ھاۋاسىدىن نەپەسلەندى؛ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلۇپ ۋە يۈرگۈزۈلۈپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى ئىسلاھ قىلىش، باشقۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتناشتۇرۇلدى ھەم ئۇلارنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتى قوغدالدى. ئاساسىي قانۇندا پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك بەلگىلىمە چىقىرىلغاندىن سىرت، يەنە بىر قاتار مۇھىم قانۇنلار تۈزۈپ چىقىلدى. مەسىلەن، ئەمگەك قانۇنى، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى، ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى، ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى قاتارلىقلار. پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلار ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا ئۇچرىماسلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» بىلەن «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نى تۈزۈپ چىقتۇق. ئەدلىيە جەھەتتىن سوراقتا تۇرۇلدىغانلار ۋە جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەرگە نىسبەتەن جىنايى ئىشلار دەۋاسى ۋە جازانى ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداشقا، كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان تۈرلۈك قىلمىشلارنى چەكلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىدى. بۇ قايىل قىلارلىق پاكىتلار شۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇكى: دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى تەرەققىياتى تېزلىشىۋاتىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىك سىياسىي راۋاجلاندۇرۇش قەدىمى ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتىدۇ.

مۇكەممەل قانۇنچىلىق دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى. 1979 ـ يىلدىن بۇيان، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قانۇنلار ۋە قانۇنىي مەسىلىلەرگە ئالاقىدار قارارلاردىن جەمئىي 321 نى تۈزدى. ئۇنىڭ ئىچىدە 14 ـ قۇرۇلتايدىن بۇيانقى بەش يىل ئىچىدە 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى 111 نى تۈزدى. بازار ئىگىلىكىگە ئائىت قانۇن چىقىرىش قەدىمى روشەن تېزلەشتى. بازار سۇبيېكتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە شىركەت قانۇنى، شېرىكلەشكەن كارخانا قانۇنى قاتارلىقلار تۈزۈلدى؛ بازار ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، بازار تەرتىپىنى قوغداش جەھەتتە ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى قاتارلىقلار تۈزۈلدى؛ ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش جەھەتتە، خام چوت قانۇنى، مۆلچەرلىك قانۇنى، جۇڭگو خەلق بانكىسى قانۇنى تۈزۈلدى؛ كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە، ئەمگەك قانۇنى قاتارلىقلار تۈزۈلدى. 1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى جىنايى ئىشلار قانۇنىغا

ئۇمۇمىيۈزلۈك تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى بىرلىككە كەلگەن، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان جىنايى ئىشلار قانۇنى كودېكىسىغا ئايلاندۇردى؛ قايتا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى ئېلىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. هازىرغا قەدەر ئېلىمىزدە ئاساسىي قانۇننى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىك تەجرىبە توپلاپ ياخشى شارائىت يارىتىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارىتى ئاستىدا بىز پۇقرالار ئارىسىدا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى بويىچە ئىككى بەش يىللىق پىلاننى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىدۇق. نۆۋەتتە 3 ـ بەش يىللىق پىلان ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. 14 ـ قۇرۇلتايدىن بۇيان 700 مىليوندىن كۆپرەك كىشى قانۇن بىلىملىرى تەربىيىسىنى قوبۇل قىلدى. 1994 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە مەركىزىي كومىتېت ئۇدا بەش قېتىم قانۇنچىلىق لېكسىيىسىنى ئۇيۇشتۇردى . جياڭ زېمىن قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار لېكسىيىگە قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. 1997 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە پۈتۈن مەملىكەتتىكى 31 ئۆلكە (رايون، شەھەر)نىڭ ھەممىسىدە ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇنچىلىق لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. مەركەز ۋە جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ يېڭى دولقۇنى بارلىققا كەلدى. قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ قانۇن بويىچە تۈزەش پائالىيىتىدە كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 15 ئۆلكە (رايون، شەھەر) 90 ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر، 1700 ناھىيە (شەھەر، رايون) % 60 ئەتراپىدىكى يېزا، زاۋۇت، كارخانا ھەم 112 كەسىپ سىستېمىسىدا قانۇن بويىچە تۈزەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ئاساسىي قاتلامدا قانۇن بويىچە تۈزەشنى ئاساس قىلىش، كەسىپلەردە قانۇن بويىچە تۈزەشنى تۈۋرۈك قىلىش، جايلاردا قانۇن بويىچە تۈزەشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، ھەرقايسى قاتلاملاردا تىك ۋە توغرا لىنىيىلىك بىرلەشتۈرۈلگەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قانۇن بويىچە تۈزەش تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قانۇن بويىچە تۈزەش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشى بىلەن كەڭ كادىر ۋە مىليونلىغان ئاممىنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشى ئۆسۈپ، قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسى خىزمىتى، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

دېمەك، 14 ـ قۇرۇلتايدىن بۇيانقى بەش يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق تەربىيىسىدە چىڭ تۇرغانلىقىمىز ۋە بوشاشماي تىرىشقانلىقىمىز ئۈچۈن، مۇكەممەل بولغان قانۇننى تۇرغۇزۇدىغان، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولىدىغان، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان، قانۇننى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر ئومۇملاشتۇرىدىغان، قانۇننى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىدىغان، سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا چوقۇم ئاساسلىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق نىشانى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتقان ئەمەلىيەت داۋامىدا قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىمۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

# دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشتە، ئۈچ ھالقىلىق ۋەزىپىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

ئەكبەر ئوسمان ، ئابلىمىت ئوسمان

شىنجاڭ كۆپ دىنلىق رايون، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما كۆپ بولۇپ، پەقەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارلا ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. دىنىي مەسىلىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى چوڭقۇر سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

يولداش جياڭ زېمىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت، دىن نەزەرىيەسىنى يەنىمۇ بېيىتىپ، دىن تەرەپتىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر شۇنىڭدەك دىن خىزمىتىنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، يېڭى دەۋردىكى دىن خىزمىتىنى تېرىشىپ ياخشى ئىشلەش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، قىسقىسى، «ئۈچ جۈملە سۆز»دىن ئىبارەت. يەنى بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش؛ ئۈچىنچىدىن، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش لازىم. بۇ ئۈچ جۈملە سۆزنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ھالقىسى دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشتىن ئىبارەت.

دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە، چوقۇم باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش، باشقۇرۇشنى تونۇش، ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بۇ تۈپ قائىدىنى تۇتۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، يېڭى تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشنى ئاساسىي قائىدىلاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىننى سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلەش كېرەك. ئەمما، نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇد. بەزى جايلاردا تەستىقسىز ھالدا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى كېڭەيتىپ سېلىش ياكى ئالاھىدە كۆركەم بېزەپ سېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. بەزىلەر دىندىن پايدىلىنىپ، مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ ۋە ئۆلىمەنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. قىسمەن جايلاردا فېئودال دىنىي ئىمتىياز ۋە ئېكىسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ھادىسىلىرى يۈز بەردى. بەزىلەر بىدئەتچىلىك تەشكىلاتلىرىغا قارىغۇلارچە قاتنىشىپ، جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ھەم شۇ سەۋەبلىك دىن تەرەپتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت بىلەن دوست ـ دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئانتاگونىيىلىك زىددىيەت بىلەن ئانتاگونىيىسىز زىددىيەتنى ئۆز'ئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتەك ھادىسىلەر سادىر

بولدى. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى باشقا ئەللەر بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئالاقە ئىشلىرىنىڭ كۆچىيىشى بىلەن، دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ئىلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ مەسىلىلەر دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى دىنى ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۈچ ھالقىلىق ۋەزىپىنى ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرغىلى ۋە ئىجرا قىلغىلى، دىنىي سوتسىيالىزمغا ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

### 1. دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك

دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ باشلامچىلىرى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى تۈگۈندۇر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسىنىڭ 15 ـ ماددا 1 ـ تارمىقىدا، دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ «ۋەتەننى سۆيۈش، قانۇنغا بويسۇنۇش، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، ئەمىر ـ پەرمان ۋە سىياسەتلەرگە ئەمەل قىلىش ھەمدە ئۇنى مەسچىت، بۇتخانا، ئىبادەتخانا، چېركاۋلاردا ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش» مەسئۇلىيىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئاپتونوم رايونىمىزدا دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەتەننى سۆيىدۇ، دىننى سۆيىدۇ، ئۇلار دىنىي پەرھىزلەرنى ئادا قىلىش جەريانىدا تەپسىر قىلىش، ۋەز ئېيتىشتىن پايدىلىنىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى يېتەكلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشماقتا. دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، يەنە بىرقانچە خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. 1) قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ئېڭىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇنداق قىلىش دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشىگە، دىننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشقا، يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى توسۇشقا پايدىلىق. 2) دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملاردىن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بىلەن تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملارغا رىئايە قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، دىنىي تەلىم ـ تەربىيە بىلەن 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى، دىن ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن ئۆز جايىنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى ھەقىقىي تەلەپ قىلىش كېرەك. 3) توغرا كەيپىيات تۇرغۇزۇشتا، تىپ يارىتىشتا چىڭ تۇرغان، قانۇن، ئىنتىزامغا رىئايە قىلغان، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەن، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق كۆپچىلىكنى تەربىيىلەش كېرەك. 4) پارتىيىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان، بىرقەدەر يۇقىرى دىن بىلىمىگە ئىگە بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق ياش دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. 5) غەربىي رايونىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش داۋامىدا دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇلار ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا قاراپ مېڭىشتا ئىجابىي رول ئوينىشى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم

رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

## 2. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك

گوۋۇيۈەننىڭ 1994 ـ يىلدىكى «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ (تۆۋەندە قىسقارتىپ «نىزام» دېيىلىدۇ) 2 ـ ماددىسىدا: «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دېگەندە دىنىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەتخانا، بۇتخانا، مەسچىت، چېركاۋ ۋە باشقا مۇقىم پائالىيەت سورۇنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ سورۇنلار قانۇن بويىچە تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار تەپسىر قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇن. نىزامنىڭ 3 ـ ماددىسىدا: «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان نورمال دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىپ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىشى ۋە ئارىلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ». 4 ـ ماددىسىدا يەنە: «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى چېگرا سىرتىدىكى تەشكىلات ۋە شەخسكە بېقىنمايدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىنىي مەدەنىيەتنىڭ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان شەكلەن بىر جىسمى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان سورۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرقانداق بىر دىندا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغاچقا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكىگە مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئىجابىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن 1) دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئاساسىي قانۇنغا، قانۇنلارغا ۋە پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىگە رىئايە قىلىشى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى، ئۆزىنى ئۆزى قامدىشى كېرەك. 2) دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلار كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكتىن پايدىلىنىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى، ئىچكى ـ تاشقى چوڭ ۋەزىيەت شۇنىڭدەك پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى توغرىسىدىكى تەشۋىق ـ تەربىيىنى ئېلىپ بېرىش مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. 3) دىنىي سوتسىيالىزمغا يېتەكلەشتە ئەلا نېگىزلىك تەلەپ شۇكى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، دىنىي ساھەنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى چوقۇم دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇن ـ نىزاملىرىغا بويسۇندۇرۇش، بولۇپمۇ دىنىي زاتلارنى دىنغا ئالاقىدار قانۇن، ماددىلار ۋە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى نىزام، بەلگىلىمىلەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، دىنىي زاتلار ۋە ئاممىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنلارغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. 4) دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

## 3. دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك

دىنىي پائالىيەت بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە شەخسىي ھەرىكەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنى جەمئىيەتتىكى باشقا تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئوخشاش تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئالاقىدار قائىدىلەر ئارقىلىق ئۇنى باشقۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، قانۇننىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشى دەۋرنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى. دىنىي پائالىيەتلەر چوقۇم قانۇن، سىياسەت يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. دىنىي پائالىيەتلەرنى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ. دىنىي پائالىيەتلەر دۆلىتىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسىي تۈزۈملەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىقى كېرەك. ئاساسىي قانۇننىڭ 1 ـ ماددا 2 ـ تارمىقىدا: «سوتسىيالىستىك تۈزۈم دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ تۈزۈمى. سوتسىيالىستىك

تۈزۈمگە ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، دىندىن پايدىلىنىپ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. دىنىي پائالىيەتلەر يەنە ئىجتىمائىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىقى كېرەك. ئاساسىي قانۇننىڭ 36 ـ ماددا 3 ـ تارمىقىدا: «دۆلەت ھەرقانداق كىشىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇشىغا يول قويمايدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. شۇڭا، دىنىي كۈچلەرنىڭ دۆلەتنىڭ ئەدلىيە، مەمۇرىي ۋە نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى مەنئى قىلىنىدۇ. دىنىي كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى تۇغدۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. خەلق ئىشلىرى ئىدارىلىرى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، دىنىي ئىشلار ئۈچۈن ئىئانە توپلاش مەنئى قىلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا دىنىي پائالىيەتلەر دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكى كېرەك. ئاساسىي قانۇننىڭ 36 ـ ماددا 3 ـ تارمىقىدا: «دۆلەت ھەرقانداق كىشىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا يول قويمايدۇ». دۆلىتىمىزنىڭ مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنىدا: «ھەرقانداق كىشىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. دىنىي پائالىيەتلەر يەنە قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قانۇنلۇق بولغان بولىدۇ. ئۇ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىنىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىلغان دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قانۇنغا خىلاپ بولىدۇ. ئۇ قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. دىنىي پائالىيەتلەرنى ئادەتتە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملار تەشكىللەپ ئېلىپ بارىدۇ. دىنىي ۋەزىپىسى يوق كىشىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا دىنىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا يەنە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش ۋە بۇ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك: 1. دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى توسۇش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشتىن ئىبارەت. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، نۆۋەتتە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى توسۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش ۋەزىپىسى مۇھىم. 2. ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ياخشى يولغا قويۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ئاساسىي قاتلامدا ياشايدۇ. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىمۇ ئاساسىي قاتلامغا تارقالغان. شۇڭا، ئاساسىي قاتلامدا دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەلمىز دەيدىكەنمىز، ئاساسىي قاتلام خىزمىتىگە جەزمەن ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. 3. دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلار بىلەن قانۇن بويىچە باشقۇرۇشقا تېگىشلىك دىن ئىشلىرىنى ئېنىق ئايرىش، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز ھەرىكەتلەر ۋە جىنايى قىلمىشلارنى ئېنىق ئايرىش، دىنىي ئېتىقاد بىلەن خۇراپاتلىقنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش، نورمال دىن بىلەن بىدئەتچىلىكنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

دېمەك، دىن خىزمىتى پارتىيىنىڭ بىر مۇھىم خىزمىتىدۇر. دۆلەت دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدۇ. نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدۇ، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىدۇ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىنى توسىدۇ. دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش دىن جەھەتتە كۆرۈلگەن تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە، دىنىنىڭ سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلىشىشىنى، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ئۇيغۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىزغا پايدىلىق.

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

# مۇھىت ھوقۇقى قوغدىلىشى كېرەك

ئەركىن روزى

مۇھىتقا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش دېگەندە، كىشىلەر پائالىيىتىنىڭ مەلۇم تېررىتورىيە ئىچىدىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مۇھىت ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش پاكىتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق بىرنەچچە خىل ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ: بىرىنچىدىن، دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى ئوخشاش ئەمەس. يەنى زىيان سالغۇچى ئالاھىدە ئىقتىسادىي ئورۇنغا ۋە ئىقتىدارغا ئىگە ئورۇن ياكى كارخانا بولىدۇ، زىيانلانغۇچى ئاددىي پۇقرادۇر؛ ئىككىنچىدىن، مۇھىتقا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولىدۇ. يەنى ئۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە، مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە باشقا ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدۇ ھەمدە بۇ خىل زىيان سېلىش خېلى بىر مەزگىل داۋاملىشىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مۇھىتقا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشتىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى ئانچە ئېنىق بولمايدۇ؛ تۆتىنچىدىن، دەخلى ـ تەرۇزنىڭ جەريانى بىرقەدەر ئاستا بولىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر زاۋۇت چىقارغان بۇلغانمىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان كېسەللەر نەچچە يىل ھەتتا نەچچە ئون يىلدىن كېيىن بايقىلىدۇ. بۇ جەرياندا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلمەيلا قالىدۇ.

مۇھىت ھوقۇقى توغرىسىدىكى ئۇقۇمنى 1950 ـ يىلى ئامېرىكىلىق ئالىم ساكس ئوتتۇرىغا قويغان: ئۇ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان سۇ، ھاۋا قاتارلىقلار ھەرگىزمۇ ئىگىسىز نەرسىلەر بولماستىن، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق مۈلكىدۇر. ئومۇمىي خەلق بۇ ئورتاق مۈلۈكلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلغان بولىدۇ. ھۆكۈمەت ئومۇمىي خەلقنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، بۇ مۈلۈكلەرنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلسا بولمايدۇ، دەپ قارىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇھىت ھوقۇقى توغرىسىدىكى پرىنسىپ ھەرقايسى دۆلەتنىڭ مۇھىت قوغداشقا دائىر قانۇن چىقىرىشىنىڭ ئاساسىغا ئايلانغان ھەمدە نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مۇھىت ھوقۇقى پۇقرالارنىڭ بىر تۈپ ھوقۇقى قاتارىدا ئېتىراپ قىلىنغان. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىمۇ مۇھىت ھوقۇقى دۆلەتنىڭ مەجبۇرىيىتى شەكلىدە ئېتىراپ قىلىنغان. ئاساسىي قانۇننىڭ 26 ـ ماددىسىدا: «دۆلەت تۇرمۇش مۇھىتىنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغدايدۇ ۋە ياخشىلايدۇ، بۇلغىنىشنىڭ ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەمدە ئۇلارنى تىزگىنلەيدۇ» دەپ بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

نۆۋەتتە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ پاسسىپ ئامىللىرىنىڭ تەسىرى ھەمدە قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى يېتەرسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن، شۇنداقلا باشقۇرغۇچىلار ۋە پۇقرالارنىڭ مۇھىتنى قوغداش ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولۇشى تۈپەيلىدىن، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ھەرقايسى جايلاردا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ سالامەتلىك ھوقۇقى ۋە باشقا

هوقۇق ـ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچراۋاتىدۇ. شۇڭا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قانۇنشۇناسلار ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر مۇھىت هوقۇقىنى ھەق ـ تەلەپ قانۇنىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، مۇھىت هوقۇقى ھەق ـ تەلەپ قانۇنىدا يەنىمۇ ئېنىق ئېتىراپ قىلىنىشى، ھەق ـ تەلەپ قانۇنىدىكى پۇقرالارنىڭ جىسمانىي هوقۇقى ۋە مال ـ مۈلۈك هوقۇقىغا ئوخشاشلا قوغدىلىشى كېرەك. ئادەتتە، مۇھىت هوقۇقى تىنچ مۇھىتتىن، ساپ ھاۋادىن بەھرىمەن بولۇش هوقۇقى، تۇرالغۇ جايدا ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇش، پاكىز سۇ ئىستېمال قىلىش، يورۇقلۇق يېتەرلىك بولۇش قاتارلىق ياخشى مۇھىتتىن بەھرىمەن بولۇش هوقۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك ھەمدە پۇقرالارنىڭ دۆلەتنىڭ مۇھىت باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىش هوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

گەرچە دۆلىتىمىزنىڭ ھەق ـ تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ 124 ـ ماددىسىدا: «دۆلەتنىڭ مۇھىتنى ئاسراش، بۇلغىنىشتىن ساقلاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، مۇھىتنى بۇلغاپ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزگەنلەر قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق زىيانلانغۇچى هوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلغۇچى ئۈستىدىن ھەق تەلەپ دەۋاسى قىلغاندا ئاساسلىنىدىغان بەلگىلىمىلەرنىڭ كونكرېت بولماسلىقى تۈرلۈك چەكلىمىگە دۇچ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دەۋا تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايۋاتىدۇ. شۇڭا، ھەق تەلەپ قانۇنىدا مۇھىت هوقۇقى توغرىلىق ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلىشى كېرەك. يەنى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىيانلىق ئاقىۋەت پاكىتى ئېنىق بولسىلا، دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشى بىلەن زىيانلىق ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى بولسىلا ھەمدە شۇ قىلمىش قانۇنغا خىلاپ بولسىلا، هوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلغۇچى ھەق ـ تەلەپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. زىيانلانغۇچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇھىت هوقۇقى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغان ھامان قارشى تەرەپتىن خەۋپنى تۈگىتىش، زىياننى تۆلەش قاتارلىق تەلەپلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلالىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىگىلى، پۇقرالارنىڭ سالامەتلىك هوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت**

## *دانالار ھېكمەتلىرى*

△ گۈزەل ئەخلاق ۋە كەمتەرلىك دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ. سەۋر ـ تاقەت مۇرات ـ مەقسەتنى ھاسىل قىلىدۇ. ئادالەت ۋە ئىنساپ بىلەن ئىش بېجىرىش هوقۇقنى مۇستەھكەملەيدۇ.

△ ئىلىم دۇنيادا ھېچقانداق تەگدىشى يوق بىر بايلىقتۇر، ئىلىمنى رەزىللىك ۋە پەسكەشلىك يولىدا ئىشلىتىش ئېسىل گۆھەرنى ھاجەتخانىغا تاشلىۋەتكەنلىك بىلەن باراۋەردۇر.

△ يامان ئادەم بىلىمسىز ئەخمەقنىڭ ماختىشى بىلەن ياخشى بولۇپ قالمايدۇ. ياخشى ئادەم يامان ئادەملەرنىڭ تىللىشى ۋە يامان كۆرۈشى بىلەن ئەسكى ئادەم بولۇپ قالمايدۇ.

(ئەھمەد تاشتۆمۈر تەييارلىغان)

# قانۇن چىقىرىشتا ئادىل بولۇش بىلەن قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كاپالىتى



لى بوجۇن



بىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشىمىز، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشىمىز، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى قانۇن ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش، كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى قانۇن چىقىرىشتا ئادىل بولۇش ۋە قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش بازار ئىگىلىكىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى ۋە شەرتى.

*1. ئادىل بولۇش — بازار ئىگىلىكىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ يادروسى ۋە جېنى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.*

كىشىلەر بىرلىكتە خىزمەت قىلىش ۋە ياشاش جەريانىدا بەلگىلىك تەرتىپنى قوغدىشى، بەلگىلىك قائىدىگە رىئايە قىلىشى كېرەك. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ بەلگىلىك تەرتىپنى ساقلاش، بەلگىلىك قائىدىگە رىئايە قىلىش كېرەك. بۇ تەرتىپ، قائىدىلەرگە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بويسۇنىدىغان بولغاچقا، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئادىل بولۇشى كېرەك. قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەرىكەتنى تەڭشەيدىغان ۋە قېلىپلاشتۇرىدىغان ھەرىكەت مىزانى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوخشاشلا ئادىل بولۇش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. بازار ئىگىلىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان، باراۋەر بولغان، رىقابەتلىشىدىغان ئىگىلىك، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان ئىگىلىك بولۇپ، پەقەت ئادىل بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىنغاندىلا، رىقابەت تەرتىپلىك، جانلىق بولىدۇ، قالايمىقانلاشمايدۇ. بازار ئىگىلىكىدە، ئەگەر ئادىل بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىنمىسا، ھەقىقىي بازار ئىگىلىكى بولمايدۇ، ئىجتىمائىي بايلىقلارنى ئۈنۈملۈك تەقسىم قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. بازار ئىگىلىكىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا ئەگەر ئادىل بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىنمىسا، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭا، بىز ئادىل بولۇش بازار ئىگىلىكىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ يادروسى ۋە جېنى ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئادىل بولۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم.

پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى

كۆتۈرۈش—بازار ئىگىلىكىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئادىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاساسى. قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يۇقىرىلارنىڭ بولۇپمۇ رەھبەرلىي كادىرلار-نىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئەنئەنىۋى تەپەككۇر قىلىش شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ بازار ئىگىلىكىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن ماسلاش-ماسلىق ئەھۋالىنى تۈگىتىپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئادىل بولۇشىدىكى مۇھىتىنى تىرىشىپ يېتىل-دۈرۈش لازىم. قوشۇن قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، قانۇن چىقارغۇچىلار ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ساپاسى، ئىقتىدارىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش لازىم. تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇ-رۇپ، دېموكراتىك، ئىلمىي ئاساستا قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قەتئىي، مەدەنىي بولۇش كېرەك.

*2. ئادىل بولۇش—بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن چىقىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، قانۇن، نىزاملارنى چىقىرىش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، بىكار قىلىش خىزمىتىنى دەۋرگە ماسلاشقان ھالدا ياخشى ئىشلەش كېرەك.*

قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئادىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش قانۇن، نىزاملارنى تۈزۈشتە ئادىل بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. قانۇن ئادىل چىقىرىل-مىسا، ئۇنى ئادىل ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئاساس قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى ۋە دۆلەت، خەلق مەنپەئىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى؛ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، ئىقتى-سادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلگەندىلا، ئاندىن تۈزۈلگەن قانۇن، نىزاملارنىڭ ئۇيۇشك-تىپ، ئادىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقان قانۇن مۇقەررەر ھالدا ئادىل، ياخشى قانۇن بولىدۇ. مۇشۇنداق قانۇن، نىزاملارلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققى-ياتىغا تۈرتكە بولالايدۇ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىيالايدۇ. بىز بىزدىن ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ ئەمە-لىي ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، قانۇن، نىزاملارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە قانۇن، نىزاملارنى ئىزاھلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىزنى، ۋاقتى ئۆتكەن قانۇن، نىزاملارنى ۋاقتىدا بىكار قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. 9 ـ نۆۋەتلىك مەملى-كەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدىكى بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك قانۇن تۈزۈش بىلەن قانۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ئىزاھلاشنى بىرلەشتۈرۈش بولدى، قانۇن چىقىرىش سۈرئىتى تېزلىتى-لىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇن چىقىرىش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، قانۇن چىقىرىشنىڭ ئادىل بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

*3. ئادىل بولۇش—بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش لازىم.*

نۆۋەتتە قانۇن چىقىرىشتا ئادىل بولۇش بىلەن قانۇن-نى ئادىل ئىجرا قىلىشنىڭ دائىم دېگۈدەك بىر بىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىشى ئېلىمىز قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئاجىز ھالقا ھېسابلىنىدۇ. بەزى جاي ۋە تارماقلاردا قانۇنغا ئاساسلانماسلىق، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك ئەھۋالى يەنىلا بىرقەدەر ئېغىر. شۇڭا زور كۈچ سەرپ قىلىپ بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن، نىزاملارنى يولغا قويۇش خىز-مىتىنى چىڭ تۇتۇپ، قانۇن، نىزاملارنىڭ بازار ئىگىلىكىنى قېلىپلاشتۇرۇش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، ئەر-كىن، ئادىل بولغان بازار رىقابىتى تەرتىپىنى ھەقىقىي قوغدىشىمىز لازىم. قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشقا ھوقۇق-نىڭ ئارىلىشىۋېلىشى، مۇناسىۋەتنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى ۋە مەنپەئەتنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئا-ساسلىقى ئاز ساندىكى رەھبەرلىي كادىرلارنىڭ ئورنى ۋە

تەسىرىدىن پايدىلىنىپ نورمال قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتىگە ئارىلىشىۋېلىشى، ئاز ساندىكى ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ ئادەمگەرچىلىك دېلوسى ۋە مۇناسىۋەت دېلوسى بېجىرىشى، بەزى جايلار، تارماقلار ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتنى دەپ قانۇن، نىزاملارغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ ئادىللىقىنى قوغداپ، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ قانۇن، نىزاملارنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى ۋە قوللىنىشىنى، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇن، نىزاملارغا رىئايە قىلىشىنى تەلەپ قىلىش لازىم. بىرىنچىدىن، مەمۇرىي ئورگانلار مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشتە، ئىقتىسادنى ئاساسلىقى مەمۇرىي ۋاسىتىلەرگە تايىنىپ باشقۇرۇشنى ئاساسلىقى ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي ۋاسىتىلەرگە تايىنىپ باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەدلىيەدە ھەقىقىي ئادىل بولۇشىنى، قانۇن، نىزاملارنى توغرا تەتبىقلىشىنى، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىش لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، بازار ئىگىلىكى سۇبيېكتلىرى قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىشى، بازارغا كىرگەن بارلىق تەشكىلات، ئورۇن ۋە شەخسلەر قانۇننى بىلىشى، قانۇنغا رىئايە قىلىشى لازىم؛ تۆتىنچىدىن، قانۇن مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن مۇلازىمەت بازىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋاسىتىچى تەشكىلاتلارنىڭ قانۇن ياردىمى، قانۇن جەھەتتىن قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش لازىم؛ بەشىنچىدىن، بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن، نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى سۈپىتىدىكى نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش، شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى باشقا مەخسۇس ئورگانلارنىڭ نازارەتچىلىكى، ئىجتىمائىي نازارەتچىلىك، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى، ئاممىۋى نازارەتچىلىك قاتارلىقلار بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ ئادىل بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

دۆلىتىمىز بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. قانۇن چىقىرىشتا ئادىل بولۇش ۋە قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، بازار ئىگىلىكىنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇش بىلەن قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، قانۇن ۋاسىتىسى بىلەن ئىقتىسادىي، مەمۇرىي ۋاسىتىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ياخشى بولغان بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى ئورنىتىپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەت توپىنى ئادىل، مۇۋاپىق، باراۋەر رىقابەت مۇھىتى بىلەن تەمىنلەپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. بىز دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يۈكسەكلىكىدە، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش، مۇقىملىقنى ساقلاش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز، بولۇپمۇ قانۇن چىقىرىشتا ئادىل بولۇش بىلەن قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش مەسىلىسىدە، قانۇن، نىزاملارنىڭ بازار ئىگىلىكىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىشىمىز لازىم.

(**«قانۇنشۇناسلىق»** ژۇرنىلىنىڭ **2000** ـ يىللىق **6** ـ سانىدىن. **تۇردى ئىسمايىل** تەرجىمىسى)

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**



# ئوقۇتۇش ۋە ناچار ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش



باھارگۈل ساۋۇت

مائارىپ سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى ئادەم تەربىيلەش دېگەنلىكتۇر. ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى ئەنە شۇ ئادەم تەربىيلەيدىغان مائارىپ خىزمىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكە ۋە ئىزچىللىقا ئىگە بىر ئەقلىي ئەمگەك جەريانىدۇر. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مائارىپى ئومۇمىي مائارىپنىڭ ئاساسىي بولۇپ، بۇ دەۋردىكى ئادەم تەربىيلەش ئالىي مەكتەپتىكى ئادەم تەربىيلەش بىلەن خاراكتېر، ۋەزىپە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپتىكى تەربىيە پائالىيىتى بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشى، بىلىم قۇرۇلمىسى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار نېمە دېسە شۇنى ئىشلەيدىغان ۋە ياكى ئەمگەكچىلەرـــئوقۇتقۇچىلار تەرپىدىن ئويۇپ چىقىرىلغان ئەمگەك مەھسۇلاتى بولماستىن، دورامچىلىقى كۈچلۈك، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشى تېز، توغرا قىممەت قارىشى، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن جانلىق ئادەملەردۇر. ئۇلارنىڭ يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشى تېز، ئۆزگىرىشچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدىكى تەربىيە خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئەقلى، ئەخلاقي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تولۇق يېتىلگەن بىر ئەۋلاد كىرەكلىك ئادەملەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئېغىر ھەم شەرەپلىك ۋەزىپە.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دورامچىلىقى كۈچلۈك، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشى تېز، ئۆزگىرىشچان، جانلىق ئادەملەرنى تەربىيلەش جەريانىدا ئوخشىمىغان خاراكتېر، ئوخشىمىغان مىجەزلىك بىر توپ جانلىق ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىمىز. تەبىئىيكى ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى ياخشىلار، ئوتتۇراھاللار ۋە ناچارلاردىن ئىبارەت قاتلاملىقا ئىگە بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان نەتىجە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەشتە ئەمەس، بەلكى سىنىپتىكى ناچار، ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەشتە ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەمگەك ۋاستىسى ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە كەسپىي ئەخلاقى بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق ئىشلەش جەريانىدا تەبىئىي ھالدا ئوقۇغۇچى خاراكتېرىگە سىڭىپ كېتىدىغان پائالىيەت جەريانىدۇر. بۇ پائالىيەت جەريانى ياخشىلارنى يادرو، ئوتتۇراھاللارنى نۇقتا، ناچارلارنى يېتەكلەش جەريانىدىكى بىر قاتار كۆزگە كۆرۈنمەس ھەرىكەتلەر بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ، ئوقۇتقۇچى ئەمگىكىنىڭ ئىزچىللىق خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ناچار ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەشتە مەن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

1. ئوقۇتقۇچى سەۋرچانلىق بىلەن كۆزىتىشى كېرەك. مەيلى سىنىپ مەسئۇلى بولسۇن ياكى دەرىس ئوقۇتقۇچى بولسۇن، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئادەم تەربىيلەشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن

كۆزىتىشكە ماھىر بولۇشى لازىم. سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ياخشى كۆزىتىپ، ئۆگىنىشتە ياخشىلار، ئوتتۇراھاللار، ناچارلارنى پەرق ئېتىپ ئومۇمىيۈزلۈك باھا بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا «كۆڭۈلدە سان بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، يېتەكلەش نىشانىنى ئالدىن بەلگىلەپ نىشانلىق ئوق ئېتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، يەنى قايسىنى نۇقتىلىق تەربىيىلەش (يېتەكلەش)، قايسىنى قوشۇمچە يېتەكلەشتە ئالدىن پىلان تۈزگىلى بولىدۇ.

2. ئىزچىلىقتا ئىگە بولۇش كېرەك. ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى بالىلار دورامچىلىقى كۈچلۈك ۋە ئۆزگىرىشچانلىقى تېز، جانلىق ئوبيېكت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئىنتايىن تومۇرچى بولىدۇ. ئۇلار چىڭ تۇتسا قورقىدىغان، سەل بوش قويۇۋەتسە بوششىپ كېتىدىغان ئۆزگىرىشچان خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئوقۇتقۇچى ئۆزى زېرىكمەي ـ تېرىكمەي ئۆگەتكەن روھنى جارى قىلدۇرۇش، شۇ ئاساستا ئوقۇغۇچىغا «ئادەت» يېتىلدۈرۈشى لازىم. ئوقۇغۇچى ئۆزى قىزىقىپ ئۆگىنىدىغان ئۆگىنىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ ھېسابلىغانغا قەدەر تەبىئىي روھ بىلەن بەل قويۇۋەتمەي، ئىزچىللىقنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق ئوقۇغۇچى بوشاڭ، گېپىدە تۇرمايدىغان ئوقۇتقۇچىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ھېچ بولمىسا ئۇنداق ئوقۇتقۇچىنى ئانچە ھۆرمەت قىلمايدۇ. ناچار، ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلار بولسا تېخىمۇ پۇرسەتپەرەس بولۇپ، بۇنداق يوچۇقتىن ئىنتايىن ئاسان پايدىلىنىپ كېتىدۇ.

3. ئوقۇغۇچىنىڭ پسىخىكىسىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇش. بەزى ئوقۇغۇچىلار دەسلەپتە ئۆگىنىش ۋە باشقا پائالىيەتلەردە ناھايىتى ئاكتىپ ھەم نەتىجىسى ياخشى بولۇپ، كېيىن تۇيۇقسىزلا چېكىنىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلاردا بەزىدە ئىلگىرىلەپ، بەزىدە چېكىنىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. بۇنداق چاغدا، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئوبدان تەھلىل قىلىپ، ئوقۇغۇچىنىڭ روھىي دۇنياسىنى تولۇق ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۇنىڭ ئارقىدا قېلىش ياكى چېكىنىپ كېتىش سەۋەبلىرىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىشى، كېسەلنى ۋاقتىدا ساقايتىپ ئادەمنى قۇتقۇزۇشى لازىم.

4. ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ساپا بىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. كەسپىي ئەخلاق ساپاسى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاساسىي سالاھىيىتىنى ساقلاپ تۇرىدىغان ھەم نامايان قىلىدىغان ۋاستە. ئوقۇتقۇچى هارماي ئۆگىنىشى، بىلىمىنى كېڭەيتىشى، كونا دەسمايىنى يەپ يېتىۋەرمەي، ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىشى، ئەخلاق جەھەتتە ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنۈشى، ئوقۇغۇچىلارنى سۆيۈشى، ئوقۇغۇچىلارنى ھۆرمەتلىشى لازىم. ئوقۇغۇچىلارنى سۆيۈش، ھۆرمەتلەش، كۆيۈنۈش دېگەنلىك تۈپ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى سۆيۈش دېگەنلىكتۇر. ئۆز كەسپىنى سۆيگەندە نەتىجە ياراتقىلى بولىدۇ.

5. تاپشۇرۇق ئىشلەشنى، دەرستىن بۇرۇنقى سىناقنى چىڭ تۇتۇش لازىم. تاپشۇرۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى پۇختىلىشىغا ياردەم بەرسە، دەرستىن بۇرۇنقى سىناق ئوقۇغۇچىغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىنىڭ ئىزچىللىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

6. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۆسۈش خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىش لازىم. «دۆت» ئوقۇغۇچى مەۋجۇت ئەمەس، ھەرقانداق بىر «دۆت» ئوقۇغۇچىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس بىر ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئاشۇ ئىندىۋىدۇئاللىقىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ئۇنى يېتەكلىشى، ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قىلىشى، ئۆزىنى دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوخشاش قاتاردا قويىدىغان تۇيغۇغا كەلتۈرۈشى، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ باشقىلاردىن «كەم» ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈشى لازىم. چۈنكى ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپى ھەممە

ئۇقۇغۇچىنى تەك ئىلىپ مىگىپ تەك يېتىشتۇرۇش، مەدەنىيەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ھەر تەرەپلىمە تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش بىلەن تەلىم تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىختىساس ئىگىلىرى بىلەن مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى تەك ئىلىپ بېرىش لازىم.

7. ئۆگىنىشتە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنى نۇقتىلىق ھالدا ئايرىپ يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. ئايرىپ كونسۇلتاتسىيە قىلىش، ئايرىپ تاپشۇرۇق ئىشلىتىش، تولۇقلاپ يېتەكلەش، قايتىلاپ يېتەكلەش، قوشۇپ يېتەكلەش قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ زېھنىي بۇلىقىنىڭ ئېچىلىشىغا ياردەم قىلىش لازىم.

ياخشى ئوقۇغۇچىلارغا قوشۇپ قويۇش ئۇسۇلى ـــ بۇ ئۇسۇلدا ئوقۇتقۇچى ياندىن كۆزىتىش ئارقىلىق ياخشى ئوقۇغۇچىنى ئۈلگە، ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ناچار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى تېزلەشتۈرگىلى، ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ناچار ئوقۇغۇچىلارنىڭ غۇرۇرىغا ھۆرمەت قىلىش لازىم. ئۇلارنى كەمسىتمەسلىك، ئۇلار بىلەن سىردىشىش ئارقىلىق ئۇلارنى يېتەكلەش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئۇلارنى ھاقارەت قىلغاندا، تىللىغاندا «چاپىقىنى ئالىمەن دەپ، كۆزىنى قارىغۇ قىلىپتۇ» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالىدۇ.

8. مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن ئائىلە تەربىيىسىنى ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق بولغان ئامىللاردىن تولۇق پايدىلىنىش لازىم. ناچار ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەشتە تەربىيىنىڭ رولىغا سەل قاراشقا زادى بولمايدۇ.

ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ بىرىنچى ئۇستازى. ئائىلە باشلىقلىرى بالىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى ۋە بىۋاستە ئىقتىسادىي يۆلەنچۈكى بولغاچقا، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان چوقۇنۇشى چوڭقۇر بولىدۇ. بۇ بىۋاستە تەسىرچانلىق ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. يەنى مەكتەپتىكى تەربىيە بىلەن ئائىلىدىكى تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈش، مەكتەپ تەربىيىسىنى ئاساس، ئائىلە تەربىيىسىنى تۈرتكە قىلىش كېرەك. ئائىلە باشلىقلىرىدىن بالىنىڭ ئائىلىدىكى ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى، ياخشى ئۆگىنىش مۇھىتىنى ھازىرلاپ بېرىشنى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىشتە كېرەك قىلىدىغان ماتېرىيال، ئوقۇش قوراللىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى، مەنىۋى جەھەتتىن ئۆز بالىلىرىغا ھامىي بولۇشنى، تەلەپچان بولۇشنى، تاپشۇرۇق ئىشلەش، ئەخلاق ۋە باشقا تەرەپلەردە قاتتىق قول بولۇشنى تەلەپ قىلىش لازىم. نوقۇل ھالدىكى قاتتىق قوللۇق بالىنى جاھىل، يالغانچى قىلىپ قويسا، ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنۈش بالىنى ھورۇن، ئۇششۇق، مەنمەنچى قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلار كۆپلەپ ئائىلە سۆھبىتى، ئاتا ـ ئانىلار يىغىنى ئېچىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بالىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئورتاق كۈچ چىقىرىشى لازىم. جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ بالىغا بولغان تەسىر تاناسىپلىق ھادىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى يامان تەسىرلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشىدىن ساقلىنىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

مەيلى سىنىپ مەسئۇلى بولسۇن ياكى دەرس ئوقۇتقۇچى بولسۇن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئومۇميۈزلۈك يۈزلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى سۆيۈپ، تىرىشىپ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىسىلا، ئۆز خىزمىتىدە نەتىجە يارىتالايدۇ. ئادەم تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

**مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى**

# ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا



تاھىرجان ئۆمەر

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى زورايدى. ھەرقايسى ساھەلەردە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، تەبىئىي قانۇنىيەتكە خىلاپ ھەرىكەتلەر كۆپىلەپ يۈز بەرگەچكە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلدى. قارىغۇلارچە بوز يەر ئېچىش، تەبىئىي ئورمانلىقلارنى نابۇت قىلىش، سۇ مەنبەلىرىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى كەڭ كۆلەمدە ۋەيران قىلىش تۈپەيلىدىن، كىلىمات قۇرغاقلىشىپ، قۇم ـ بوران ۋە كەلكۈن ئاپەتلىرى يىلمۇ يىل ئېغىرلىشىپ، سۇ مەنبەلىرى ئازىيىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ يامان سۈپەتلىك ئايلىنىشى شەكىللەندى. ئەھۋال ئېغىرلىشىپ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تۈزىمەسە بولمايدىغان ھالەتكە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى تېزدىن ئېلىپ بېرىش تەخىرسىز مۇھىم خىزمەتكە ئايلاندى.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشى — ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تۈزەيدىغان، مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان، ھەرقايسى ئورۇن ۋە ھەرقايسى رايونلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە ئالاقىدار زور قۇرۇلۇش. قانۇنىي ئاساسى بولمىغان ئەھۋالدا بۇ قۇرۇلۇشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىپ، ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى ئورۇن، ھەرقايسى رايونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى قانۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

**1. تەبىئىي ئېكولوگىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يەرلىك قانۇن سىستېمىسىنى مۇكەممەل-**

لەشتۈرۈش كېرەك

8 - بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، گەرچە دۆلەت ۋە يەرلىك تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش جەھەتتە بەزى سىياسەت ۋە قانۇن - نىزاملارنى تۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئومۇمىي گەۋدىدىن قارىغاندا، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا كاپالەتلىك قىلىدىغان قانۇن - تۈزۈملەر مۇكەممەللەشكىنى يوق. تا ھازىرغىچە تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ھەققىدە قانۇن يوق. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ئېنىق بولمىدى.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قانۇنىنى دۆلەت تۈزىدۇ. دۆلەت قانۇنى ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى يەرلىك ۋاقىتلىق قائىدىنى يولغا قويسا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى «ئاساسىي قانۇن»دا بېرىلگەن قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك تەكشۈرۈش بىلەن ئۆزىدا تەرەققىي قىلىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغدايدىغان يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغدايدىغان يەرلىك قانۇن سىستېمىسىنى تېزدىن مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈگۈشلۈق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك.

**2. قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ مىللەتنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك**

ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ھەققىدىكى قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش،كادىر ۋە ئاممىغا يۈزلىنىش، شۇنداقلا مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. بىر تەرەپتىن، تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر قاتلىمىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ھەم قانۇنلۇق ھەم ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەبىئىي مۇھىتنى قوغداپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىساد بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

**3. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قانۇن بويىچە قوغداش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، قۇرۇش بىلەن قوغداشقا، ئېچىش بىلەن تۈزەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك**

قوغداشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، قالايمىقان بوز يەر ئېچىش، قالايمىقان چارۋا بېقىش، قالايمىقان كېسىش ۋە قالايمىقان دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى كولاش قاتارلىق ئورمان، ئوت - چۆپلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قانۇنسىز قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئىقتىسادىي ئېچىش پائالىيىتىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. بولۇپمۇ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش بىلەن زىچ ئالاقىدار بولغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە سۇچىلىق قاتارلىق ئېچىش قۇرۇلۇشىدا «مۇھىتنى قوغداش قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن مۇھىتقا تەسىرى بار - يوقلۇقىنى باھالاش تۈزۈمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ،

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ۋەيران قىلىش دەرىجىسىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، قەيەردە ئېچىش بولسا، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش خىزمىتىنى شۇ يەردە ئېلىپ بېرىشنى تەدرىجىي ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

**4. ئىلغار تېخنىكا ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قانۇنىنى ئىجرا قىلىش تور سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك**

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشى چېتىشلىق ساھە ناھايىتى كۆپ بولغان بىر سىستېما قۇرۇلۇشىدۇر. ئۇ، شەھەردىن يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغىچە بولغان كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دائىرىسى كەڭ، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چوقۇم ئىلغار تېخنىكا ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قانۇنىنى ئىجرا قىلىش تور سىستېمىسىنى قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ دائىرىسىنى، مەزمۇنىنى كەڭ يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يەتكۈزۈش، شەھەردىن يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغىچە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى ۋە قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنى تورلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭلا ئىشى بولماستىن، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، شۇنداقلا ھازىرقى كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى ئاممىغا تونۇتۇش كېرەك.

**5. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشى قانۇنىنى يۈرگۈزۈش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش كېرەك**

قانۇن ئالاھىدە تەرتىپ ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىكى مەقسەت ئۇنى ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولمايدىكەن، قانۇن قەغەز يۈزىدىكى قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. قانۇن ـ ئالاھىدە ھەرىكەت ئۆلچىمىدۇر. پۇقرالار، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، دۆلەت ئورگانلىرى قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. قانۇننىڭ مەجبۇرلاش كۈچى ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. پەقەت قانۇن بويىچە ئىش قىلغاندىلا، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. قانۇننى يولغا قويۇشتا ئالدى بىلەن قانۇننى ئىجرا قىلىش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى يۇقىرى ساپالىق قوشۇننى قۇرۇپ، قانۇننى توغرا ئىشلىتىپ، قانۇننى قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرۈش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىدىكى يەرلىك نىزامنى ئەدلىيە تەرتىپىگە كىرگۈزۈش، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلەت، پۇقرا، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**6. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىدىكى قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىش كېرەك**

قانۇنىي مەسئۇلىيەت ـ قانۇنسىز قىلمىشلارنى جازالاش ئارقىلىق قانۇن، نىزامدىكى تەلەپلەرنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇشنى كۆرستىدۇ. قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى بېكىتىشتىكى مەقسەت قانۇننىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دەۋاگەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەن قانۇندا تەلەپ قىلىنغان ئۆلچەمنى مەجبۇرىي بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. قانۇنىي مەسئۇلىيەت قانۇننىڭ ئۈنۈمىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قانۇنچىلىقنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى باخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، تۈرلۈك قانۇنسىز قىلمىشلارنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ، قانۇنسىز قىلمىشلارنى ۋاقتىدا جازالاش كېرەك. ئىككىنچىدىن، تەدبىر بەلگىلىگۈچى مەسئۇلىيەت تۈيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ مەيلى قايسى ھالقىسىدا مەسىلە كۆرۈلۈشىدىن، بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك، شۇ ئارقىلىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.


**7. نازارەتچىلىك مېخانىزمنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك**

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشى ئۇزۇن مەزگىللىك قۇرۇلۇش، شۇنداقلا دۆلەت ۋە خەلققە پايدىلىق قۇرۇلۇش. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىزمەتنى قانۇنچىلىق ئىزىغا سېلىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى بىلەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى قانۇنچىلىق ئىزىغا سېلىش ئۈچۈن، چوقۇم قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بىرىنچى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نازارەتچىلىك ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قەرەللىك ئاڭلاپ، نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى كېرەك. ئىككىنچى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ نازارەتچىلىك ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش، سۈرۈشتە قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، ئومۇمىي خەلقنىڭ قاتنىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

قىسقىسى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش تەدبىرلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى بىلەن ئىقتىسادنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر ماموت





# ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا

روزى نىياز

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بولدى. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمۈش مۇرەككەپ ۋە رەڭگارەڭ تۈس ئالدى. ھالبۇكى، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

ياش - ئۆسمۈرلەر دۇنيا قاراشىنىڭ شەكىللىنىشى دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇش كەچۈرمىشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە پىسخىك تەييارلىقى كەمچىل بولىدۇ. ئۇلار ئىدىيىدە ناھايىتى جانلىق بولۇپ، يېڭى شەيئىلەرنى ئاسانلا قوبۇل قىلالايدۇ. ئىدىيىۋى كۆز قاراش جەھەتتە ئىنتايىن كۆچلۈك تەۋرىنىشچانلىققا ئىگە بولغانلىقتىن، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ياش - ئۆسمۈرلەر ھەدېسىلا غەرب ئەللىرىنىڭ يامان تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئاسانلا پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك قارىشى يامراپ كېتىدۇ. تەھلىل قىلىپ كۆرگەندە، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم چىرىك ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىن بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۆزىدە پۇل ئېتىقادچىلىقى ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئامىللىرى بولغاندىن سىرت، تۈزۈلمە ئالمىشىش دەۋرىدە يەنە قائىدە تۈزۈملەر مۇكەممەل بولماسلىق، باشقۇرۇشتا چاتاق چىقىش تۈپەيلىدىن بىر قىسىم ياش -

ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە يېشىل چىراغ يېقىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن يۇقىرى كۆتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقا ئەمەلىي مەسىلىلەرنىمۇ پەيدىنپەي ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىش كېرەك. ياش - ئۆسمۈرلەرنى مەقسەتلىك، پىلانلىق، سىستېمىلىق تەربىيىلەيدىغان تەشكىلىي ئورگان مەكتەپ بولسىمۇ، ئەمما، بەزى مەكتەپلەردە سىنىپ، ئىشخانا، خىراجەت يېتىشمەسلىك، ئائىلىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى جىددىي بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ خاتىرجەم ئوقۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىمكانىيەتلىنىش، پەرزەنتلىك بولۇش ...... قاتارلىق بىر يۈرۈش مەسىلىلەردە نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مەدەنىيەت جەھەتتىن قارىغاندا، مەدەنىيەتنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەسىرى چوڭقۇر بولىدۇ. بۇنى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. ياش - ئۆسمۈرلەر جىسمانىي ۋە پسىخىكا جەھەتتىن ئۆسۈش، تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش قابىلىيىتى تۆۋەن بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى تازا ياخشى چۈشەنمەيدۇ. ئېستېتىك ھېسسىياتقا بېرىلىپ شەكىل قوغلىشىدۇ. غەلىتە ئىش ھەرىكەتلەرگە، سىرلىق مەزمۇندىكى تۈرلۈك نەرسىلەرگە بېرىلىپ كېتىدۇ. قانۇن چەكلىگەن نەرسىلەردىن مېھرىنى

ئۆزلەمەي، ئاخىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. ئۇندىن باشقا، تەربىيە جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى.

ئائىلە تەربىيىسىدىن قارايدىغان بولساق، ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناق بولغان ـ بولمىغانلىقى، پەرزەنتلەرگە بولغان تەربىيىنىڭ مۇۋاپىق بولغان ـ بولمىغانلىقى، ئاتا ئانىلارنىڭ ئۈلگىلىك رولىنىڭ قانداقلىقى ... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى يىللاردىن بېرى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىتىدىن بىرى بولغان پارتىيىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە بىر پەرزەنتلىك بولۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىككى پەرزەنتلىك بولۇش تەشەببۇس قىلىنغانلىقتىن، بىر پەرزەنت ۋە ئىككى پەرزەنتلەر كۈنسايىن كۆپەيگەچكە، بىرمۇنچە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا قىلغان غەمخورلۇقى زىيادە ئېشىپ كەتتى. بۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز. ئۇندىن باشقا يەنە ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشىمۇ پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ، كەسپىي تېخنىكوم، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى ۋە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، سادىر قىلغان جىنايەت شەكلى ئاساسەن، ئوغرىلىق جىنايىتى، بۇلاڭچىلىق جىنايىتى، قىمار ئويناش ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن قىمار ئويناش جىنايىتى، زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى، باسقۇنچىلىق جىنايىتى، زەھەر چېكىش جىنايىتى ھەممىدە بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جىنايىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، مەكتەپلەر ئەقلىي تەربىيىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاقىي تەربىيىگە سەل قاراشتەك بۇ خىل خاھىشلارنى تۈزىتىشى، مەكتەپ ئىچى ۋە مەكتەپ سىرتىدىكى تەربىيىگە ئوخشاشلا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

جەمئىيەتتىن ئىبارەت دائىرىسى كەڭ، كۆپ قاتلاملىق، قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي رېئاللىق ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان گۆدەك ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدا، بەزى ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئىجابىي تەسىر قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ۋە ئىنتىلىش نىشانىنى تۇرغۇزىدۇ. بەزى ياش ـ ئۆسمۈرلەر بۇنىڭ ئەكسىچە يامان يولغا مېڭىپ، قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ ـ دە، بىر ئۆمۈر پۇشايمان ئىچىدە ياشايدۇ.

ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئاساسىنى ئىگىلەپ، ئازغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تېخىمۇ ئوبدان ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئىچكى سەۋەبىنى ئىگىلەشكە ھەممىدە تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

١. ياش ـ ئۆسمۈرلەردە پۇل ئېتىقادچىلىقىنى چەكلەپ، ئاددىي ـ ساددا ياشاش ئىدىيىسىنى تىكلەش كېرەك.

راھەت كۆرۈشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئىدىيىسى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب.

ئازغان ياش ـ ئۆسمۈرلەر جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق ئىشقا بىپەرۋا قارايدۇ، كاللىسىنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي «ئۆلىدىغان جانغا ئوينىۋالمايمىزمۇ، ياش ۋاقتىمىزدا جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرمەيمىزمۇ» دەپ پۇل بىلەن ماددىي نەرسىلەرگە تەلۋىلەرچە چوقۇنۇپ ئۆزلىرىنىڭ ھوزۇرلىنىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ، پۇل تېپىشنىڭ كويىغا كىرىدۇ.

2. ياش ـ ئۆسمۈرلەردە كەلگۈسىگە قارىتا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ تۇرغۇزۇش كېرەك.

ئازغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى-

لىرى ھېچنېمىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار «كىشىلىك تۇرمۇش چۈش كۆرگەنگە ئوخشاش» دەپ قاراپ، پەيتنى چىڭ تۇ-تۇپ، ھوزۇرلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار ھاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يەتمەيدۇ. ئۆز ھاياتى بىلەن ئوينىشقانـنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق يامان ئىش قىلىشتىن باش تارتـمايدۇ.

3. ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە قارىتا ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆز قاـرىشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئازغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ خېلى كۆپ ساندىكـلىرى ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆز قارىشى ئاجىز بولۇپ، ھەدىسە ئومۇمنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئېلىش ئۈچۈن ھەر خىل رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق جىنايەت يولىغا ماڭسا، بىر قىسىملىرى غەرب دۆلەتلىرى بىزدىن ياخشى دەپ قاراپ جىنايەت يولىغا ماـڭىدۇ، چەت ئەلگە قاچقان ياش ـ ئۆسمۈرلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

4. ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا قانۇنچىلىق كۆز قارىـشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

خېلى كۆپ ساندىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەر قانۇن دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئانچە چۈشەنمەيدۇ. ھەرقانداق بىر پۇقرانىڭ قانۇنغا ئاگىلىق رىئايە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلمەيدۇ، قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى باشقۇرۇشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.


يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياش ـ ئۆسـمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش سەۋەبلىرى كۆپ ھەم ھەر خىل. ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالـدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئائىلە، جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە قانۇن ئورگانلىرى ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ياش ـ ئۆسـمۈرلەرنىڭ پارتىيە، خەلق كۈتكەن تەلەپ بويىچە ياخشى تەربىيىلىنىپ يېتىلىشىگە ئورتاق كۈچ چىقىرىشىمىز لاـزىم.

5. ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە بولغان كۆپ تەرەپلىمىلىك تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە تەربىيە بېرىش ئۇنىۋېرسال ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى، شۇڭا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرـقايسى ساھەلەر ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىش، تەربىيىـلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇلارغا ياخشى ئۆسۈپ يېتىـلىش مۇھىتى ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك شۇنداقلا جەمئىـيەت، مەكتەپ، ئائىلە ئۈچ تەرەپ بىر گەۋدىلەشكەن تەربىـيىلەش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. كوممۇـنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار ياشلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى، كەڭ ياشلارنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا كوممۇـنىزمنى ئۆگىنىدىغان «بۈيۈك مەكتىپى» بولۇشتەك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنى نۇقتىلىق خىزمەت قاتارىدا تۇتۇپ، بۇ جەھەتتىكى تەربىيە خىزمىتىنى ھەقىـقىي تۈردە قانات يايدۇرۇش كېرەك. تەشۋىقات، مەدەنىيەت، ئاخبارات قاتارلىق ساھەلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى يۇقىرى سۈپەتلىك مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەش كېرەك. مائارىپ تارماقلىـرىدىن ھەرقايسى مەكتەپلەرگىچە ئەخلاق تەربىيىسىنى بىـرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئىدىـيىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلـدۇرۇپ، ياش ئۆسمۈرلەرگە بولغان قانۇن تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق تارماقلار، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئائىلىسىگە ۋە ئائىلە تەربىيىسىگە بولغان خىزمەتنى ئىشلىشى كېرەك. ئىشسىز قالغان ياشـلارغا قارىتا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارغا يەنە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك.

مۇشۇنداق قىلىدىغانلا بولساق، ياش ـ ئۆسمۈرلەر چوقۇم جىنايەت يولىغا مېڭىشتىن ساقلىنىپ، سوتسىياـلىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆز ئەقىل پاراستى ئارقىلىق گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتالاـيدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر ماموت



# خەلق قۇرۇلتىيى ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش دوسكىسى تەسىس قىلىنىشى كېرەك

**نۇرگۈل كېرەم**



هازىر نۇرغۇن مەمۇرىي ئورۇنلار، مۇلازىمەت ئورۇنلىرى ۋە كەنتلەردە ئاشكارىلاش دوسكىسى تەسىس قىلىندى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئاساسىي قاتلامنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. مېنىڭچە، خەلق قۇرۇلتايلىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇش، خەلق مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاشكارىلاش دوسكىسى تەسىس قىلىنىشى كېرەك. ئۇنىڭدا بىر يىللىق خىزمەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، كۆزدىن كەچۈرۈش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، خىزمەت مەلۇماتىنى باھالاش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ كونكرېت پىلانىنى؛ تەكشۈرۈش، باھالاش جەريانىدا بايقىغان مەسىلىلەرنى ۋە ئۇنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى؛ ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيىسى ۋە ئۇنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىنى؛ ۋەكىللەر كۆرۈپىسى پائالىيىتىنى، ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش ئەھۋالى ۋە سايلىغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى؛ ھال ئېيتىپ كەلگەن ئامما ۋە ئۇلاردىن كەلگەن خەت ـ چەكلەرنى بېجىرىش ئەھۋالىنى؛ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ـ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلار ۋە قارار قىلىنغان چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى جەمئىيەتكە ۋە ئاممىغا ئاشكارىلاش لازىم. دوسكىنى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئورۇنغا قويۇش كېرەك. گېزىت ياكى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدە مەخسۇس سەھىپە ئېچىشقىمۇ بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ئىشلىرى ھەر ئايدا بىر قېتىم ئاشكارىلانسىمۇ ياكى پەسىلدە بىر قېتىم ئاشكارىلانسىمۇ بولىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش دوسكىسى تەسىس قىلىنسا: بىرىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشقا پايدىلىق؛ ئىككىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ھازىر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر يىل ئىچىدە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نېمىلەرنى تەۋسىيە قىلغانلىقى، بۇ تەۋسىيىلەرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ياكى ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەنلىكى، نېمىنىڭ جىددىي قارار قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى ئامما بىلمەيلا قالماستىن، ھەتتا بەزى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىمۇ بىلمەيدۇ. ئاشكارىلاش دوسكىسى تەسىس قىلىنسا ھەم ئۇلارغا بۇ ھەقتە ئۇچۇر يەتكۈزگىلى بولىدۇ، ھەم ئۇلارنى خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى، ئۇ ئىشلارنى قانداق بېجىرگەنلىكى، ئۇنىڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئۈنۈملۈك باھا بېرىشىنى زۆرۈر شەرت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئاشكارىلاش دوسكىسى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە پايدىلىق. ۋەكىللەر ۋە ئامما خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە ۋە ساقلانغان مەسىلىلەردىن تولۇق خەۋەردار بولالايدۇ ـ دە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشىلاشقا قاراتمىلىقى بولغان پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرەلەيدۇ؛ تۆتىنچىدىن، ئاشكارىلاش دوسكىسى تەسىس قىلىنسا، خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ۋەكىللەرنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئاشكارىلاش دوسكىسى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتچىلىرىنى ۋەكىللەر ۋە ئامما بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك بولالايدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش ۋە ئىشەنچنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاممىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى، شۇنداقلا ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

**(ئاپتور ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمىدىن)**

# دۆلەتنى تۈزەشتە ئالدى بىلەن پارتىيىنى تۈزەش كېرەك

**ئابلىمىت نۇر**

باش شۇجى جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى يادرو كۈچ. ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنىڭ قانداق بېجىرىلىشىدىكى ئاچقۇچ پارتىيىمىزگە باغلىق، پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيە، ئىستىل، ئىنتىزام، تەشكىلىي ئەھۋالى، جەڭگىۋارلىق ئىقتىدارى رەھبەرلىك سەۋىيىسىگە باغلىق» دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالدى بىلەن پارتىيىنى تۈزەش قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى تۈزەش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پارتىيە ئىچىدىكى بىر قىسىم ناچار ئىللەتلەرنى تۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەشتە، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشتا، پارتىيە ئىستىلىغا داغ تېگىدىغان قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەممە بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. تۈزەش، تىزگىنلەش، تەرتىپكە سېلىش، ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، پارتىيە ئىچىدە بولۇپمۇ رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئىچىدە پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە، ئابرۇيىغا، خەلقىمىزنىڭ پارتىيىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئېتىقادىنى كۈچەيتىشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر قىسىم ناچار ئىللەتلەر پەيدىنپەي تۈزىتىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، پارتىيىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر ئۆمۈر ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى، مۇنەۋۋەر ياشلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن مەيدانغا كېلىپ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالدى. لېكىن، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ، ھوقۇق تۇتۇشنى ئۆزىنىڭ بېيىش يولى قىلىۋالدى. نۆۋەتتىكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى تېخى تولۇق، مۇكەممەل بولمىغان قانۇن، تۈزۈملەر ئاز ساندىكى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە كىشىلەرنىڭ ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ناتوغرا رىقابەت ئارقىلىق كۆپلەپ كىرىم قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئۇلار قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كۆرگەنلا يەردە نۇتۇق سۆزلەپ، «مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ»، «ئارقا ئىشىكتىن مېڭىپ»، «ئارقا تىرەك ئىزدىدى». ئۇلار مەلۇم ئارقا تىرەك ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋالغاندىن كېيىن تىنغ ئۈچىنى بېيىشقا قارىتىپ، تۈرلۈك شەكىللەردىكى پارە بېرىش ۋە پارە ئېلىش، ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش، ھۆكۈمەت پۇلىنى باشقا ئورۇنغا ئىشلىتىش، سوۋغا ـ سالام قوبۇل قىلىش، ھۆكۈمەت پۇلىنى خالىغانچە يەپ ـ ئىچىش ۋە بۇزۇپ ـ چېچىش قاتارلىق قانۇنسىز قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىستىلدا چىرىكلىشىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكمەكتە. بىر قىسىم ئىرادىسى ئاجىز ھوقۇقدارلار ھەر خىل «ھەدىيە»لەر ئالدىدا تىز پۈكۈپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلەشكەن، ھەرقايسى تەرەپلەر تورلاشقان چىرىكلىك تورىنى شەكىللەندۈرمەكتە.

پارتىيىمىز ئىچىدە چىرىكلىكنىڭ پەيدا بولۇشى، بولۇپمۇ بىر قىسىم پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشى قاتارلىق چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا، شۇنىڭدەك

پارتىيىمىزنىڭ پاك ئوبرازىغا چۈشكەن زەھەرلىك مىتە. ئۇلارنى چوقۇم يەنىمۇ قاتتىق تازىلاش كېرەك. قانچىسى بايقالسا، شۇنچىسىنى قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش، پارتىيىمىزنىڭ خەلق ئارىسىدىكى يۈكسەك ئوبرازىنى ساقلاش ۋە ئۇنى ئاشۇرۇش كېرەك. خۇددى باش شۇجى جياڭ زېمىن كۆرسەتكىنىدەك: «پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك. بۇ ئۆتكەل چىڭ تۇتۇلسا، ياخشى تۇتۇلسا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردا، ئاساسىي قاتلامدا، ئامما ئارىسىدا قايىل قىلىش كۈچى بولىدۇ. پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.»

21 ـ ئەسىرگە يۈرۈش قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، پارتىيىنىڭ دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنى، پارتىيىنىڭ زىممىسىدىكى تارىخىي بۇرچى بىزنىڭ دۆلەتنى تۈزەشتە ئالدى بىلەن پارتىيىنى تۈزەشىمىزنى، پارتىيىنى تۈزەشتە چوقۇم قاتتىق بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. پارتىيىنى تۈزەشتە بىز باشتىن ئاخىر قەتئىي ۋە قابىل بولساقلا، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشىمىز چوقۇم توغرا، ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن مېنىڭچە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك:

1. دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق تۈزەشكە بىرلەشتۈرۈپ، رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان تەلەپ ۋە تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك. كادىرلاردا بولۇپمۇ پارتىيە ئىچىدىكى رەھبىرىي كادىرلاردا ناچار ئىللەتنىڭ بىخى كۆرۈلگەن ھامان دەل ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش، قايتا ـ قايتا تەربىيە بېرىش، ئۇلارنىڭ كۆرۈلگەن مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ۋە ۋاقتىدا ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. ئەگەر مەسىلە كۆرۈلسە ئۇنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. پارتىيە ئىچىدە ناچار ئىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئىش ئۆتۈپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ جەمئىيەتكە ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنى تولۇق مۆلچەرلەش، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەسئۇلىيەتنى ۋە جاۋابكارلىقنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ، ئىشنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىقىش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قايسى ئىشنى قىلسا بولمايدىغانلىقى ۋە قايسى ئىشلارنىڭ كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىشتىن بۇرۇن چۈشەندۈرۈش، ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈش ۋە نېمىدە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكى، نېمىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى تولۇق ۋە ئىنچىكە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولىدىغان يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

2. رەھبىرىي كادىرلارنى ئىشلىتىشتە رىقابەت مېخانىزمىنى ھەقىقىي تۈردە كىرگۈزۈش كېرەك. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، رەھبىرىي كادىرلارنى ئىشقا قويۇش، تاللاپ ئىشلىتىش، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ تەرەپلەردىن تەكشۈرۈش، تەپسىلىي كۆزىتىش، قايتا قاراپ چىقىش قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇھىم خىزمەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىدىيىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. جەمئىيەتتىن ئاشكارا تاللاپ رەھبىرىي كادىرلارنى قوبۇل قىلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، رىقابەتلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىشىغا تۈرلۈك شارائىتلارنى يارىتىش كېرەك. رەھبىرىي خادىملارنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ساپاسىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش، ھەم چىقالايدىغان ھەم چۈشەلەيدىغان ئادىل رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش لازىم. بۇرۇنقىدەك ئىقتىدارىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاقىغا سەل قارايدىغان رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاش، سىياسىي ئېتىقادتىن تەۋرەنگەن، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، پۇرسەتپەرەسلىككە بېرىلگەن، ئەمەل تەلەپ قىلىدىغان، ھوقۇق مەنپەئەت تالىشىدىغان، ئەتراپىغا گۇرۇھ، مەزھەپ توپلايدىغان، ساختىپەزلىك، مۇبالىغىچىلىك قىلىدىغانلارنى ئۆستۈرمەيلا قالماستىن، قاتتىق تەنقىد قىلىش، مەسىلىسى ئېغىرلارنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

3. كادىرلارنى خالىغانچە ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويغاندىن كېيىن نازارەت قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتەك خىزمەتتىكى بوشاڭلىقنى قاتتىق ئىسلاھ قىلىپ، ئۆزئارا نازارەت قىلىش، ئۆزئارا تەكشۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كەم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مەسىلە بولغان

هامان جىددىي مۇئامىلە قىلىش، قاتتىق نازارەت قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش كېرەك. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق، مۇكەممەل بولمىغان قانۇن ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ تۈرلۈك يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتقان، ئىستىلدا چىرىكلىشىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىگە ۋە ئوبرازىغا زىيان سالغانلارنى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋە مەنسىپىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قاتتىق جازالاش كېرەك. «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپ دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغاندا ئارىغا ئادەم قويۇشقا، يان بېسىشقا ۋە قانات ئاستىغا ئېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. دېلونى يوشۇرۇپ مەلۇم قىلمىغان، بېسىپ قويۇپ بېجىرمىگەنلەر ياكى توسالغۇ پەيدا قىلىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغانلارنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى جىددىي بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.» ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا تۈزۈلمە، قانۇن ـ تۈزۈم، سىياسەت، باشقۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ئاسان چىرىكلىشىش كۆرۈلىدىغان بوشلۇق ۋە ئاجىز ھالقىلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئىسلاھ قىلىپ، تۈزۈم جەھەتتە چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. بۇ نۇقتىدىمۇ ئوخشاشلا ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم.


قىسقىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىمىز قۇرۇلغان 80 يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن بوران ـ چاپقۇنلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۈگۈنكىدەك مۇكەممەل ھەم قۇدرەتلىك كۈچلۈك قوشۇن تەشكىل قىلىپ، ئىشلىرىمىزغا ئۈزلۈكسىز يېتەكچىلىك قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆسمەكتە. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىۋاتقان، دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتنى تۈزەشتە ئالدى بىلەن پارتىيىنى تۈزەش، پارتىيىنى تۈزەشتە قاتتىق بولۇش، پارتىيىنى باشقۇرۇش فاكچېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. 60 مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسىنى ھەقىقىي ياخشى باشقۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ ساپاسىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ھازىر پارتىيە قۇرۇلۇشىدا دۇچ كېلىۋاتقان ناھايىتى گەۋدىلىك مەسىلە. بۇ خىزمەتنىڭ ياخشى ئىشلىنىشى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا، بولۇپمۇ پارتىيىمىزنىڭ بىر مەركەز ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا تەۋرەنمەستىن ئۇزۇن يىلغىچە چىڭ تۇرۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، خۇددى باش شۇجى جياڭ زېمىن كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاكچېنىدا چىڭ تۇرۇشتا ئالدى بىلەن كىرىش ئۆتكىلىنى پۇختا ئىگىلەپ، قەتئىي يوسۇندا ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، قۇرۇلمىنى ياخشىلاش، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەزا قوبۇل قىلىش تەلىپى بويىچە پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك». مۇشۇنداق قىلغاندىلا پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاشقا بولىدىغان مېخانىزم شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. بىز پەقەت يېڭى دەۋر تەلىپىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، پارتىيە ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ بىر قىسىم رەھبەرلەرنىڭ چىرىكلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالغاندا دۆلەتنى ھەقىقىي تۈردە قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئوبرازىنى ھەقىقىي تۈردە تىكلىگىلى، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، خەلقنى باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ.

---

**پايدىلانغان ماتېرىيال:**

1. «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئۇيغۇرچە.

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى



# دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن ئۆتكەن يىللار

## ـــ ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە ئەلا نەتىجە ياراتقان بۇسارەم توختى توغرىسىدا

ئابدۇكېرەم ئۆمەر

كىشى ئۆزىنىڭ بىھېساب مال ـ مۈلكى، دەپىنە ـ دۇنياسى، سالاپىتى، مەنسىپى بىلەن ئەمەس، بەلكى مول بىلىم بايلىقى، ھۈنەر ـ تېخنىكا سەۋىيىسى، ئاددىي ـ ساددىلىقى، سەمىمىي كۆيۈمچانلىقى، باشقىلارغا بەتكۈرگەن ماددىي ـ مەنىۋى مەنپەئەتى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك تېخنىكا كېڭەيتىش مەركىزى ئۆسۈملۈك ئاسراش پونكىتىنىڭ باشلىقى، ئاگرونوم بۇسارەم توختى تەرىپلەپ تۈگەتكۈسىز تۆھپىلىرى بىلەن تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە، خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشۋاتقان تۆھپىكارلارنىڭ بىرى.



بۇسارەم توختى سانجى شەھرىدىن بولۇپ، 1977 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى)نىڭ دېھقانچىلىق كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن. ئۇ تەشكىلگە ئارتۇقچە تەلەپ قويماي، تەشكىلنىڭ تەقسىماتىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىپ، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە كېلىپ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق پونكىتى (ھازىرقى تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى)غا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ شۇنىڭدىن بۇيانقى 23 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ھاياتىنىڭ ھەربىر دەقىقىسىنى يېڭىشەھەر خەلقىنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ناھىيىنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى 15 يېزا (بازار) 300 دىن ئارتۇق كەنتنىڭ تۇپرىقىغا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى، خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدە يىقىلماس ئابىدە تىكلىدى.

بۇسارەم دائىم دېگۈدەك يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىپ ئۆسۈملۈكلەرنى، باغۋارانلارنى، گۈل ـ گىياھ، لاپاس، پارنىكلارنى تەكشۈرۈپ، مەسىلە بايقالغان ھامان

تېخنىكىلىق دەلىللەپ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنى ئەڭ تېز ۋاقىت ئىچىدە مەلۇمات بىلەن تەمىنلەپ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاممىنى جىددىي ھەرىكەتلەندۈرۈپ، زىياندâش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش جېڭى ئېلىپ بېرىشقا ئاساس يارىتىپ بەردى. بۇسارىم 1979 ـ يىلدىن بۇيان يىلىغا ئۇزۇن مۇددەتلىك مەلۇماتتىن بىر سان، ئوتتۇرا مۇددەتلىك مەلۇماتتىن 3 سان، قىسقا مۇددەتلىك مەلۇماتتىن 12 سان ئىشلەپ، جىددىي دوكلاتتىن 10 قېتىم تەييارلاپ، ھەر بىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرچە 80 نۇسخا، خەنزۇچە 80 نۇسخا كۆپەيتىپ، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە، يەن ـ تېخنىكا ئىدارىسىگە، ۋىلايەتلىك يەن ـ تېخنىكا كومىتېتىغا، دېھقانچىلىق باشقارمىسىغا يوللاپ بەرگەندىن باشقا، قوشنا ناھىيە، شەھەرلەرگە يوللاپ بېرىشنى داۋاملاشتۇردى. 1979 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە كۆممىقوناق مايسىلىرىدا سېرىق ئۆمۈچۈك پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش جېڭى ئېلىپ بېرىلىپ، ئۈچ يىل ئىچىدىلا بۇ ھاشاراتلار تولۇق كونترول قىلىندى. نەتىجىدە كۆممىقوناقتىن مول ھوسۇل ئېلىشقا ئاشۇرۇلدى.

1987 ـ يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ 16 ـ كەنت 2 ـ مەھەللىسىدىكى كېۋەز بىلەن ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ كېۋەزلىكلىرىدىكى بىر قىسىم كېۋەز مايسىلىرىنىڭ قولاقلىرى سولىشىپ مايسىنىڭ تۆۋىگە مايغا ئوخشاش سۈيۇقلۇق ئاققانلىقىدەك مەلۇماتتىن خەۋەر تاپقان بۇسارىم دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كېۋەز مايسىلىرىغا كېۋەز تومۇز پىتى چۈشكەنلىكىنى دەلىللەپ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە جىددىي مەلۇمات بەرگەندى. مەلۇماتنى تاپشۇرۇپ ئالغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يەردە ناھىيە بويىچە كېۋەز تومۇز پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش بويىچە 3 دەرىجىلىك كادىرلار نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىپ بىر مەيدان خەلق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى. نەتىجىدە ناھىيە بويىچە 230 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردىكى كېۋەز مايسىسى ھاشارات ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىندى.

بۇسارىم تۆنجى قېتىملىق بۇ جەڭدىن كېيىن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ داۋاملىق ئىزدىنىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق كېۋەز تومۇز پىتىنىڭ پارنىك، لاپاسلاردا، كۆمۈلىدىغان مېۋىلىك كۆچەتلەردە، ئائىلىلەردىكى گۈل ـ گىياھلاردا ياشاش ئالاھىدىلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاقتىدا مەلۇمات بېرىپ ناھىيە بويىچە پۈتۈن خەلق قىشلىق ھاشارات يوقىتىش جېڭىنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭدىن بۇيان ھەر يىلى ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى كۈزدە، قىشتا ۋە ئەتىيازدا پارنىك، لاپاسلارغا %80 لىك 《DDV》 چېچىش، گۈل گىياھلارغا %3 لىك فۇنەيدەن دورىسىنى چېچىش قاتارلىق تېخنىكىلىق مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى تۈزۈمگە ۋە ئادەتكە ئايلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە كېۋەز پىتى يامراپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، پاختىدىن كۆپ ھوسۇل ئېلىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۇسارىم 1994 ـ يىلى بارىن يېزا 3 ـ كەنت 3 ـ مەھەللىسىدە، كېۋەز مايسىلىرىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋېتىپ، غوزا قۇرتى پەيدا بولغانلىقىنى بايقاپ، ئېنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك، پارتكوم خەلق ھۆكۈمىتىگە جىددىي دوكلات قىلىپ، ئىلمىي مەلۇمات بەرگەندى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى راسا غەيرەتكە كېلىپ ئۆز تەۋەلىكىدىكى كېۋەزلىكلەرنى تەكشۈرۈپ غوزا قۇرتى يوقىتىش بويىچە خەلق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرغانىدى، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ناھىيە بويىچە 250 مىڭ مو يەردىكى كېۋەز غوزا قۇرتىنىڭ زىيىنىدىن ساقلاپ قېلىندى.

1997 ـ يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياندۇرما،

يامانيار يېزىسىدا كېۋەزلىكتە غوزا قۇرتى پەيدا بولۇش ئەھۋالى بىرقەدەر ئېغىر بولغانلىقتىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بوسارەمنى بۇ ئىككى يېزىدا تۇرۇپ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا بەلگىلىدى. بوسارەم قىلچە ئىككىلەنمەي تەشكىلنىڭ قارارىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ناھىيە مەركىزىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ يېزىلارغا بېرىپ ، سوغۇق سۇ بىلەن نان يەپ، ئېتىزمۇ ئېتىز يۈرۈپ جاپالىق ئىشلىدى. بوسارەمنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن ياخشى مەسلىھەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى، بۇ ئىككى يېزىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە 1999 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ ئىككى يېزىدا ھاشارات ئاپىتى تۈپتىن تىزگىنلەندى.

ئۇ 1998 ـ يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. بوسارەم پۈتۈن يۈرەك قېنىنى يېڭىشەھەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېڭىشەھەرنى گۈللەندۈرۈش ئىشىغا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ «خىمىيىۋى دورا ئارقىلىق ئوت ـ چۆپ يوقىتىش»، «سۇلياۋ يېپىپ كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى» قاتارلىق تېمىلاردا يازغان بەش پارچە ئىلمىي ماقالىسى «شىنجاڭ يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ كۆممىقوناقنىڭ 6 داغلىق سېرىق ئۆمۈچۈكىنى بايقاش، ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش توغرىسىدىكى تەتقىقات تۈرى 1982 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، ئالدىن مەلۇمات بېرىپ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقات تۈرى 1982 ـ ، 1989 ـ ، 1990 ـ ، 1992 ـ ، 1993 ـ ، 1995 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ 1 ـ ، 2 ـ ۋە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز مايسىسىغا بوغۇم قىسقارتىش دورىسى چېچىش تەتقىقاتى تۈرى 1996 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك ئاساسلىق ئورۇنلىغۇچى مۇكاپاتىغا، غوزا قۇرتىنى ئالدىن بايقاش ۋە يوقىتىش تەتقىقاتى تۈرى 1997 ـ ، 1999 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ «ئىلغار خىزمەتچى» مۇكاپاتىغا ھەمدە ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ «مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بوسارەم بۇ يىل 1 ـ ئايدا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق (2000 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك باشقارمىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەندى) پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىدىكى «100 مۇنەۋۋەر دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش (يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش) خادىمى» دېگەن نام بېرىلىپ ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۇ ئىدارىدا يەنە ئاياللار خىزمىتى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى، ئۆسمۈرلەرنى كارانتىن قىلىش خىزمىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، ھەممە ۋەزىپىنى ئەستايىدىل ئورۇنلاپ ئىدارىنىڭ ۋە ناھىيىنىڭ ماختىشىغا، تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولدى. بوسارەم ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغاندىن بۇيان، دائىم دېگۈدەك ئامما ئارىسىدا يۈرۈپ، ئۇلار بىلەن سىردىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسلىرىنى ۋاقتىدا خەلق قۇرۇلتىيىغا سۇنۇپ ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئوبدان ئادا قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر ماموت

# بېقىۋېلىش شەرتىگە توشمايدىغان بالىنى نىكاھتىن ئاجراشقان بىر تەرەپكە ھۆكۈم قىلىشقا بولامدۇ؟

**يولداش مۇھەررىر:**

*ساۋۇت بىلەن ئايشەمنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسىدا، ئىككى تەرەپنىڭ ھېسسىياتى تامامەن بۇزۇلۇپ، خانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، سوت مەھكىمىسى ئۇلارنى نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ھۆكۈم قىلغان ئىدى. ساۋۇت بىلەن ئايشەمنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەزگىلدە بىر قىز بالىنى بېقىۋالغان، لېكىن بېقىۋېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرمىگەن. ئۇنداقتا بۇ بالىنى قايسى تەرەپنىڭ بېقىشىغا ھۆكۈم قىلىش كېرەك؟*

*قاراقاش ناھىيىسىدىن: يۈسۈپجان*

**يولداش يۈسۈپجان:**

مەملىكىتىمىز بېقىۋېلىش قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، بېقىۋالغۇچى، بېقىۋېلىنغۇچى ھەمدە بېقىۋېلىشقا بەرگۈچىلەر قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. بېقىۋېلىش قانۇنىنىڭ 15 ـ ماددىسىدا يەنە بېقىۋېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە دائىر بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا بېقىۋالغۇچى، بېقىۋېلىنغۇچى ۋە بېقىۋېلىشقا بەرگۈچى تەرەپلەر خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرۇشى ھەمدە ئۈچ تەرەپ بېقىۋېلىش يازما كېلىشىمىنى تۈزۈشى كېرەك. سىزنىڭ خېتىڭىزدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، نىكاھتىن ئاجراشقۇچى ئىككى تەرەپ بالا بېقىۋېلىش شەرتلىرىنى ھازىرلىمىغان، بېقىۋېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرمىگەن. شۇڭا، بېقىۋېلىش ھەرىكىتىنى ئىناۋەتسىز قىلىپ، بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرمەيدۇ، دەپ قاراش كېرەك. دېمەك، سوت مەھكىمىسى ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپنى نىكاھتىن ئاجرىشىشقىلا ھۆكۈم قىلىشى، مەلۇم بىر تەرەپنىڭ بالىنى بېقىشىغا ھۆكۈم چىقارماسلىقى كېرەك.

**ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىچكى ئىشلار ـ ئەدلىيە كومىتېتىدىن ئەركىن روزى**

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

## سىناپ كۆرۈڭ

**ياڭيۇ پوستى كۆيۈككە شىپا بولىدۇ**

ياڭيۇنى پاكىز يۇيۇپ، 25 مىنۇت قايىنتىپ، پوستىنى شىلىۋېتىپ، كۆيگەن جايغا چاپلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېزىنفېكسىيەلەنگەن داكىنى تېڭىپ قويسا، كۆيۈك يېنىك بولسا تۆت كۈندە ساقىيىدۇ، ئاغرىمايدۇ، تاتۇق ئىزى قالمايدۇ.

**(تاھىر مامۇت تەرجىمىسى)**

# «ئاپتورلۇق هوقۇقى قانۇنى»نى مەتبۇئات ساھەسى نەمۇنىلىك ئىجرا قىلىشى كېرەك

**ھېلىم موللايېۋ**

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «ئەسەر هوقۇقى قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلغىنىغا بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى توپ توغرا ئون يىل بولدى. بۇ قانۇننى «يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ ئىجرا قىلىنىشقا باشلانغىنىغىمۇ ئون يىل بولدى. بۇ قانۇن ۋە ئۇنى يولغا قويۇش چارىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئاپتورلارنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويىنىدى. بىراق كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، قانۇن يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقى خاتىرىلىنىۋاتقان پەيتتە، بەزى كىشىلەر، بەزى ئورۇنلار ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ، ئاپتورلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماقتا. تۆۋەندە، تېخى يېقىندىلا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئىشنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن:

مەلۇم ژۇرنالنىڭ 2001 ـ يىلى 1 ـ سانىدا ژۇرنالغا ئەسەر قوبۇل قىلىش توغرىسىدا بېرىلگەن ئۇقتۇرۇشنىڭ ئىچىدە مۇنداق ئىككى ئابزاس سۆز ئۇچرايدۇ:

«تەھرىر بۆلۈممىزگە كەلگەن ئورگىناللار ئۈچ ئاي ئىچىدە كۆرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ (ئىشلىتىلىدىغان ياكى ئىشلىتىلمەيدىغانلىقى بەلگىلىنىدۇ). بۇ ھەقتە ئاپتورلارغا ئۇقتۇرۇش قىلالمايمىز. ئاپتورلارنىڭ بىلگىسى كەلسە، ماقالىنى ئەۋەتىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن تەھرىر بۆلۈممىز بىلەن ئالاقىلەشسە بولىدۇ».

كېيىنكى قىزىقى ئىككىنچى ئابزاستا. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«تەھرىر بۆلۈممىزگە ئەۋەتكەن ماقالىنى تەھرىر بۆلۈممىزنىڭ ئىشلىتىمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشماي تۇرۇپ باشقا ئورۇنلارغا بېرىشكە بولمايدۇ (ئادەتتە ئىككى يىلغىچە ژۇرنىلىمىزدا بېرىلمىسە، ئاپتور ئۆزى خالىغىنىچە بىر تەرەپ قىلىشقا هوقۇقلۇق)».

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بىرىنچىدىن، ئاپتورلارنىڭ كەم دېگەندىمۇ بىر يېرىم يىللىق ماقالە ئەۋەتىش، سۈرۈشتە قىلىش، قايتۇرۇۋېلىش هوقۇقى قانۇنسىزلىق بىلەن تارتىۋېلىنىغان؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ئۇقتۇرۇشنى چىقارغۇچىلارنىڭ هوقۇقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ هوقۇقىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن!

مەسىلەن: «ئەسەر هوقۇقى قانۇنى»نىڭ 32 ـ ماددىسىدا: «گېزىتخانىغا، ژۇرنال تەھرىراتىغا ماقالە ئەۋەتكەن ئەسەر هوقۇقى ئىگىسى، ئەۋەتكەن كۈندىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، 15 كۈن ئىچىدە گېزىتخانىنىڭ گېزىتكە بېسىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالمىسا ياكى ماقالە ئەۋەتكەن كۈندىن تارتىپ 30 كۈنگىچە ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ ژۇرنالغا بېسىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالمىسا، شۇ ئەسەرنى باشقا گېزىتخانا ۋە ژۇرنال تەھرىراتىغا ئەۋەتسە بولىدۇ ...» دەپ بەلگىلەنگەن.

دېمەك، بۇ يەردە بېرىلگەن ۋاقىت چەكلىمىسى گېزىتخانىغا 15 كۈن، ژۇرنال تەھرىراتىغا 30 كۈن قىلىپ بەلگىلەنگەن. لېكىن مەلۇم ژۇرنال بۇنى 3 ئاي قىلىپ بەلگىلەپ، دۆلەتنىڭ قانۇنىدىن 2 ئاي ئاشۇرۇۋەتكەن.

« شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەسەر هوقۇقى قانۇنى›نى يولغا

41

قويۇش چارىسى»نىڭ 40 ـ ماددىسىدا: «ئاپتورلارنىڭ كىتاب نەشر قىلغۇچىلارغا ئۆزلۈكىدىن ئەۋەتىپ بەرگەن ئەسىرىنىڭ ئىشلىتىلىدىغان ـ ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى نەشر قىلغۇچىلار 6 ئاي ئىچىدە قارار قىلىپ بېكىتىشى لازىم ....» دەپ بەلگىلەنگەن.

دېمەك، يۇقىرىدا، گېزىتخانىغا 15 كۈن، ژۇرنال تەھرىراتىغا 30 كۈن ۋاقىت بېرىلگەن بولسا، كىتاب نەشر قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن ۋاقىت 6 ئايدىن ئاشمىغان. لېكىن مەلۇم ژۇرنال كىتاب چىقارغۇچىلاردىنمۇ ئاشۇرۇپ، 2 يىل قىلىپ بېكىتىپ، دۆلەتنىڭ قانۇنىنى قىلچە كۆزگە ئىلمىغان!

«ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ قانۇننى مەتبۇئات ساھەسى (جۈملىدىن ئاپتورلارمۇ) نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىشى كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۇل كېرەم

## جەمئىيەتلىكتىكى ئويلار

▲ ئۇگۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، قىيىنچىلىقتا قالغاندا مەيۈسلىنىش نەھاجەت؟ بەلكى تېخىمۇ جەسۇرلىشىش كېرەك. چۈنكى، ناھەقلىق ئىچىدىن ھەقىقەت تاپىدىغان، مەغلۇبىيەتتىن غەلىبە نۇرىنى كۆرىدىغانغا ئۇنىڭدىن ياخشى پۇرسەت يوق.

✣ ✣ ✣ ✣ ✣ ✣

▼ ھەرقانچە قاقاسلىق يەرگىمۇ بىر ئادەم مېھنەت تەرىنى تۆكۈپ ئۇرۇق چاچىدىكەن، ھامان يېشىل مايسا قەد كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. مايسىلا بولىدىكەن، ئۇ چېچەكلەيدۇ، چېچەكلىگەنىكەن، ھوسۇل بەرمەي قالارمۇ؟

✣ ✣ ✣ ✣ ✣ ✣

▲ مۇھەببەتنىڭ كۈچى ئۇيۇشسا، ئۇنىڭدىن جېنى گۈزەللىك، ئىللىقلىق مەۋج ئۇرۇپ چىقىدۇ. بۇنداق مەۋج ئۇرغان دولقۇننىڭ كىشىگە بېرىدىغان ھاياجانلىق تەسىرىنى سۆز ياكى يېزىق بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدۇ.

✣ ✣ ✣ ✣ ✣ ✣

▼ چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ دېيىشىدۇ ھەممەيلەن. بۇ مەيلى ياخشى نىيەت ياكى غەيرىي نىيەت بىلەن بولسۇن، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈش ياكى نۇقسانلىرىنى سېزىش بولسۇن، ئۆزىدىن تاشقىرى ماددىي ۋە مەنىۋى ئالەمگە قارىتىلغان. كىشىلەر نېمىشقا ئۆزىگىمۇ باب كېلىدىغان ھېكمەتنى قوشۇپ ئىجاد قىلمىغان بولغىيدى؟

**(گۈلنار توختى تەييارلىغان)**

## ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك «خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىق قىلىنغان ياخشى خەۋەرلەر»نى باھالاش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى چىقتى

ئۆز خەۋەرچىمىز: ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك «خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىق قىلىنغان ياخشى خەۋەرلەر»نىڭ ئۇيغۇرچە يېزىقتا ئېلان قىلىنغان خەۋەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتى بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدا ئۆتكۈزۈلدى. «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر باھالاش ھەيئىتى سۈپىتىدە بۇ پائالىيەتكە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

قىزغىن كېڭىشىپ، ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ باھالاش، قايتا ـ قايتا غۇلغۇلا قىلىش ئارقىلىق «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم يازغان «مىللىي تىل ـ يېزىقتىكى پەن ـ تېخنىكا ماتېرىياللىرى قىس بولۇش مەسىلىسى قاچان ھەل بولىدۇ؟» ناملىق ماقالە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» مۇخبىرى قەيسەر ساۋۇت يازغان «ھۆكۈمەت، بازار، پىۋا» ناملىق ماقالە، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى مۇخبىرلىرى تاھىر مامۇت بىلەن جاڭ مىڭشيا يازغان «خوشاللىنارلىق ئۆزگىرىش» ناملىق ماقالە، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مۇخبىرلىرى كاملجان تۇرغان بىلەن مېھرىگۇل تۇرسۇن يازغان «يېڭى دېموكراتىيە يولى يەنە قېزىلدى» ناملىق ماقالە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىئاي ياقۇپ يازغان «خەلق ۋەكىلى ئەلنىڭ غېمىنى يېدى» ناملىق ماقالە، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» مۇخبىرى قەيسەر ساۋۇت يازغان «سايامەتچىلىكتە قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك» ناملىق ماقالە، «شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى» مۇخبىرلىرى گۈلشەن سۇلتان بىلەن ئابلەت ئابلىمىت يازغان «ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش تەشەببۇسى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ئورتاق ساداسىغا ئايلاندى» ناملىق ماقالە، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»نىڭ ئىختىيارىي مۇخبىرلىرى نۇرمەممەت مەخمۇت، ئانارگۈل يازغان «ماڭگىيا يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ۋەكىللەرنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى» ناملىق ماقالە، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن سەمەت سالى «ئاقسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلغان «ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئامما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرگە جىددىي قارىدى» ناملىق ماقالە، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مۇخبىرلىرى كاملجان تۇرغان بىلەن مېھرىگۇل تۇرسۇن يازغان «شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى ۋە 1 ـ نومۇرلۇق تەكلىپ» ناملىق ماقالە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

تاھىر مامۇت (ئۆز مۇخبىرىمىز)

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى يىلمۇ يىل قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاش-

تۇرۇشى بويىچە ئۇرگاندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقات ـ تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشتا يىلمۇ يىل چىڭ تۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بۇ ئۇرگاندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كەڭ كادىرلارنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى بىلەن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئۆگىنىشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتتى. ھەر يىلى ئېلىپ بېرىلىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى بولۇپمۇ مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى بايانلارنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. تەشۋىقات ـ تەربىيە ئارقىلىق ئۇرگاندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ توغرا دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتتى.

بۇ ئۇرگان كۆپ يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئۇرگاندا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ باردى، ئۇرگان مەسئۇللىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىدە ئۇرگاندىكى ھەر مىللەت كادىرلارنى مىللەت بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشقا يېتەكلەپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا دۆلەت مەنپەئىتىنى ئەڭ ئالىي مەنپەئەت دەپ قارايدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە تەرەققىياتىنى قوغدايدىغان توغرا قاراشقا ئىگە قىلدى.

بۇ ئۇرگان يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئېلىپ باردى. پۈتۈن ئۇرگاندىكى ھەرقايسى باشقارما، بولۇپمۇ تېلېۋىزور كۆرۈش، نۇتۇق سۆزلەش، دوكلات بېرىش، زېھىن سىناش، ئىمتىھان ئېلىش، ھەر خىل مەدەنىيەت، تەنتەربىيە مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش، قارا دوسكا گېزىتى چىقىرىش، ئۆزئارا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. «خەلق رايىنى سىناش»نى يولغا قويۇپ، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىشنى ئوبدان بىرلەشتۈردى. ئۇرگاندىكى كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىئانە توپلاپ قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى. نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول بېسىپ ئەڭ چەت چېگرا رايونلىرىغا بېرىپ، نامرات دېھقان، چارۋىچى ئائىلىلىرىدىن ھال سوراپ، ھەر مىللەت خەلقىگە پارتىيىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىۋاسىتە ھېس قىلدۇردى.

ھازىر بۇ ئۇرگاندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئالغا بېسىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا.

ياقۇپ سامساق

## باغچا كەنتى ۋە مىرقەدەم كەنتىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاممىغا ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى

يېزىلاردا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق ئىگەچى يېزىسىنىڭ باغچا كەنتى، توپلۇق يېزىسىنىڭ مىرقەدەم كەنتى ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتۇپ ئۇقتىلىق ھالدا پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى، «ۋەكىللەر قانۇنى»نى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشكە ئائىت سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ۋەكىللەرنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

بۇ ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، خەلق ئاممىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، چارۋىنى ھەمكارلىشىپ داۋالاش، چارۋا نەسىللەندۈرۈش، يەر ھۆددىگەرلىكى، دېھقانلارنىڭ سېلىق ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پىكىر، تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ توغرا تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىرقەدەم كەنتىدىكى 4 نەپەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى 6 نامرات ئائىلىگە 540 يۈەن نەق پۇل، 132 دانە چۈجە، 125 كىلوگرام ئۇن ياردەم قىلدى. ئاممىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن كەنت كومىتېتىغا تەكلىپ بېرىش ئارقىلىق كەنت مالىيىسىدىن 40 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، كەنتتە بىر داۋالاش ئۆيى سېلىپ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ داۋالىنىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئۇلار يەنە دېھقانلارنىڭ سۇ ھەققى تاپشۇرۇش جەھەتتىكى كۈچلۈك ئىنكاسىغا ئاساسەن دېھقانلاردىن سۇ ھەققى يىغىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، 2000 ـ يىلى دېھقانلاردىن ئارتۇق ئېلىپ كەتكەن 21 مىڭ يۈەن سۇ ھەققىنى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

باغچا كەنتىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ بېرىشى بىلەن دېھقانلاردىن يىغىشقا تېگىشلىك بولغان 25 مىڭ يۈەن چارۋىنى ھەمكارلىشىپ داۋالاش پۇلى كەنتنىڭ كوللېكتىپ مالىيىسىدىن چىقىم قىلىنىپ دېھقانلارنىڭ بۇ بىر تۈردىكى يۈكى يېنىكلىتىلدى. شەھەرلىك ئوتلاق پونكىتى دېھقانلارغا يەرلىك بىيە ئۇرۇقى ئورنىغا قاشقى بىيە ئۇرۇقى سېتىپ بېرىپ، دېھقانلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيانغا ئۇچرىغاندا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەرقايسى تەرەپلەرگە ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىش بىلەن ئوتلاق پونكىتى دېھقانلارغا 16 مىڭ 927 يۈەن تۆلەم بېرىپ دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتى قوغداپ قېلىندى. خەلق ئاممىسى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىدىن ئىنتايىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

**(ئاقسۇ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن: ئوسمانجان تۇرسۇن)**

## مەكىت ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى فۇنكسىيىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى

مەكىت ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يىللاردىن بۇيان «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي قاتلاملاردا خەلق ئاممىسىغا قارىتا قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ماھىيىتىنى، خاراكتېرىنى بىلدۈرۈش يېتەرسىز بولغانلىقتىن، يېزا ـ بازارلاردىكى خ ق ھەيئەت رىياسە-

تىنىڭ رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلمىغانىدى. بۇلتۇر يىل بېشىدىلا بۇ ئۇرۇن 3 كىشىدىن تەركىب تاپقان خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»، «ۋەكىللەر قانۇنى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارنى 100 قېتىمدىن ئارتۇق تەشۋىق قىلدى. رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنىڭ % 80 ئائىلىلەردە ئومۇملىشىش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ناھىيىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى، ئەھمىيىتى، رولى ۋە ۋەزىپىسى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتتى. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك سىستېمىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش، سۇ ئىدارىسى 35 نەپەر كەسپىي خادىمنى تەشكىللەپ، 28 تۈر بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە تەكشۈرۈش جەريانىدا چارۋا مۇداپىئە پۇلىنى ئەمەلىي بار چارۋا سانى بويىچە يىغمىغان، قالايمىقان جەرىمانە ۋە رەنە پۇلى ئېلىنغان، دېھقانلارنىڭ خالىسانە ئەمگەك ۋە جۇغلانما ئەمگەك كۈچىنى بەلگىلىمە بويىچە ئالمىغان 13 تۈرلۈك مەسىلىنىڭ بىرقەدەر گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، بۇ مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىشكە تۈرتكە بولدى. مەسىلىسى ئېغىر بولغان 7 نەپەر كادىرنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە مەمۇرىي جەھەتتىن جازا كۆردى. بۇنىڭ بىلەن مۇقىملىق زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ئۇندىن باشقا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قانۇندىكى بەلگىلىملەرگە ئاساسەن، ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ خىيانەتچىلىك قىلغان، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەن 3 نەپەر ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

ھازىر بۇ ناھىيىدە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى رەسمىيەتتى كۆپ خىزمەت دەپ قارىماي، قانۇنىي ئاساسى بار، ئامىمىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلايدىغان ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى دەپ تونۇيدىغان ھالەت شەكىللەندى.

**(مەكىت ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن: بېلىقىز ھۇسۇيىن)**

## گۇلئاۋات يېزىسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نامراتلارغا مېھىر ـ شەپقىتىنى يەتكۈزدى

ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ گۇلئاۋات يېزىسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روھىنى ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۇرگەن ھالدا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، نامراتلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۇلارغا مېھىر ـ شەپقىتىنى يەتكۈزدى. بۇ يېزىدىكى 41 نەپەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش جەھەتتە 70 نامرات ئائىلە، 242 نەپەر نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھۆددىگە ئالغان بولۇپ، ۋەكىللەر ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 2880 يۈەن نەق پۇل، 2030 كىلوگرام ئاشلىق، ماي، 16 خالتا خىمىيۋى ئوغۇت (جەمئىي قىممىتى 800 يۈەن) ۋە

3050 يۈەن قىممىتىدىكى ھەر خىل نەرسىلەر بولۇپ، جەمئىي 11 مىڭ 390 يۈەن ھەقسىز ياردەم قىلدى. 29 نەپەر ۋەكىل ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى يوق 40 ئائىلىلىك دېھقانغا جەمئىي 76 مىڭ 500 يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى.

گۈلئاۋات يېزىسى بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋە 27 ـ كۈنى كۈچلۈك بوران ئاپىتىگە ئۇچرىغانىدى. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن 35 نەپەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 2780 يۈەن نەق پۇل، 18 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 450 كىلوگرام ئاشلىق، ماي (2400 يۈەن قىممىتىدە)، 26 خالتا خىمىيۋى ئوغۇت (1929 يۈەن قىممىتىدە)، 7 تۇياق چارۋا (مىڭ يۈەن قىممىتىدە)، 8150 يۈەن قىممىتىدە ئەمگەك كۈچى، 16 مىڭ 280 يۈەن قىممىتىدە ماشىنا ـ تراكتور كۈچىنى ھەقسىز ياردەم قىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان 71 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نى ھەقىقىي ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشتىكى ئوبرازىنى تىكلىدى.

**(ئونسۇ ناھىيە گۈلئاۋات يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن: سەمەت ساۋۇت)**

يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، بۇ كومىتېت قارىمىقىدىكى ئىشخانا ۋە مالىيە ـ ئىقتىساد خىزمەت كومىتېتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بىر قىسىم ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇرۇپ، 2001 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە بەش كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆز ناھىيىسىدىكى شەنبەبازار بازىرى، ئويتوغراق يېزىسى قاتارلىق ئالاقىدار ئون ئىدارە ۋە ئۇلارنىڭ كەسپىي تارماقلىرىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي ـ كەسپىي ھەق ئېلىشنى باشقۇرۇش نىزامى» ھەم «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر، يېزا ـ بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە كۆزدىن كەچۈردى.

تەكشۈرۈشتە ئالاقىدار ئورۇنلاردىن دوكلات ئاڭلاش، سوراش، كۆرۈش، سېلىشتۇرۇش قاتارلىق قىسمەن دېھقان ـ چارۋىچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىش قاتارلىق جانلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، بۇ جەرياندا ئۇچرىتىلغان، يۇقىرىقى ئىككى نىزامنىڭ ئىزچىللىشىشىدا ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئالاقىدار قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ دەرھال تۈزىتىشى ئۈچۈن 9 پارچە تەكلىپ، پىكىر بېرىلدى.

**(كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن: قاسىمجان رەجەپ)**

## كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قىسمەن ۋەكىللەرنى ئىككى نىزامنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار

## ئونسۇ ناھىيىسى خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى

ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت

رىياسەتچىنىڭ رەئىسلىرى ۋە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى قىسمەن كادىرلاردىن بولۇپ 19 نەپەر كادىرنى تەربىيىلىدى.

تەربىيىلەش كۇرسىدا «ۋەكىللەر قانۇنى»، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرى ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت نىزامى» نۇقتىلىق ئۆگىنىلدى ھەمدە يېزا (بازار)لىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە ھەيئەت رىياسەتچى يىغىنىنىڭ تەرتىپى، يېزىقچىلىق تەرتىپى قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دەرس ئۆتۈلدى. ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى يولداش قۇربان نىياز تەكلىپ بىلەن كېلىپ، يېزا (بازار)لىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ماھىيىتى، رولى ۋە ھوقۇقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇملاشتۇرۇپ دەرس سۆزلىدى ھەم دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى.

**مەمەتجان مەمتىل**

## باشلەڭگەر يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

گۇما ناھىيە باشلەڭگەر يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇردى، ئۇلار قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى، ۋەكىللەر پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ تۇتقانلىقتىن، تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملارنى ئىجرا قىلىشتا ۋە خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

1. خ ق ھەيئەت رىياسەتچى تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملارنى تەشۋىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى دەپ بىلىپ، بۇ خىزمەتنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى ھەمدە ۋەكىللەرنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، ئايدا بىر قېتىم مۇنتىزىم ئۆگىنىش قىلدى. ئامما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، يېزىمىزنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى.

2. 1998 ـ، 1999 ـ يىللىرى ھەربىر مو قوناق يېرى ئۈچۈن دېھقانلاردىن 10 گرامدىن يىغىۋېلىنغان «ئوت ـ چۆپ يۇمشىتىش ھەققى»نى بىكار قىلىپ، دېھقانلار تاپشۇرىدىغان 30 مىڭ كىلوگرام قوناق (پۇل ھېسابىدا 18 مىڭ يۈەن)نى ئەمەلدىن قالدۇردى.

3. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قويۇلغان 1680 كىلوگرام ئۇرۇقچا، 11 مىڭ 375 كىلو قومۇچ يىغىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، 11 مىڭ 610 يۈەن قىممىتىدىكى ئۇرۇقچا ۋە قومۇچ يىغىش ۋەزىپىسىنى بىكار قىلدى ھەمدە قوشۇمچە كىرىم ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلاردىن يىغىۋېلىنغان 284 يۈەن نەق پۇلنى ئوقۇغۇچىلارغا قايتۇرۇپ بەردى.

4. يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «كالىنى سۇنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ھەققى» نامىدا ھەربىر تۇياق تۇغۇت يېشىدىكى كالا ئۈچۈن يىغىۋېلىنىدىغان 25 يۈەن ھەققنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

5. ئەرزىيەت خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، ھەر خىل ئەرزلەردىن 8 پارچىسى قوبۇل قىلىنىپ، بۇنىڭدىن 7 پارچىسى ۋاقتىدا ھەل قىلىنىپ، ياخشى نەتىجىلەر ھاسىل قىلىندى.

6. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نامرات ئائىلىلەرگە

ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، يىل بېشىدىن ھازىرغىچە 1590 كىلوگرام بۇغداي، 2325 كىلوگرام قوناق، 68 كىلوگرام گۆش، 30 قۇر كىيىم ـ كېچەك ، 395 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلىتىنى نامايان قىلدى.

**(باشلەنگەر يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتىدىن: ئەنۋەرجان توختى)**

## قەشقەر ۋىلايىتىدە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەش ئارقىلىق ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ھەل قىلىندى

ۋىلايىتىمىزدە ئۆتكەن بىر يىللىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى داۋامىدا، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)لىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە ئۇنىڭ يېزا (بازار)لىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى ئاپتونوم رايون، ناھىيە، يېزا دەرىجەلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان قىززىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، پارتكومغا دوكلات قىلىپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىگە تەكلىپ بېرىش ئارقىلىق، نۇرغۇن ماھىيەتلىك ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. بولۇپمۇ يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئامما ئىنكاس قىلغان ھەرقايسى پاختا زاۋۇتلىرىدا كېۋەز سېتىۋېلىشتا دەرىجىنى، باھانى بېسىش مەسىلىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال 8 نەپەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى تەشكىللەپ، تېرىم بايناۋات، ئاخۇنلۇقۇم، ئاچچىق، سىيەك، يەكشەنبەبازار يېزىلىرىدىكى پاختا زاۋۇتلىرى ۋە ناھىيىلىك پاختا زاۋۇتىغا بېرىپ، كېۋەز سېتىۋېلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، 5 تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دەرىجىنى، باھانى بېسىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان قىلمىشلارنى نەق مەيداندا تۈزەتتى ھەمدە دەرىجىنى باسقان ئىككى پىرىيومچىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى بېرىپ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋەتتى. شۇ ئارقىلىق كېۋەز سېتىۋېلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

مەكىت ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتىيە مەركىزى كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆتكەن يىل 10 ـ ئايدا ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ، ئاپتونوم رايون، ناھىيە، يېزىلارنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، يېزا، بازارلاردا يېزا سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا ئالاقىدار 28 تۈر بويىچە كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بەزى يېزا، كەنتلەردە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىراجىتى ۋە «ئىككى ئاساسەن» ماتارىيىتى ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈش ئەسلىھە قۇرۇلۇش چىقىملىرى دېھقانلارغا چېچىۋېتىلگەن؛ سۇ ھەققىنى يىغىشتا، ناھىيە بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ، كۆلەمنى يوشۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا يەرلىك سۇ ھەققى يىغقان؛ بىر ئوتاش ئىشلىتىلگەن ھەر خىل دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ باھاسىنى خالىغانچە ئۆستۈرگەن، يېزا ـ كەنتلەردىكى كوللېكتىپ جۇغلانما يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش ھەققى ئايدىڭ بولمىغان، كىرىم ـ چىقىم ئېنىق بولمىغان؛ يېزا ـ كەنت مالىيىسىدە ئاشكارىلاشقا تېگىشلىكلىرى ئاشكارىلانماي، شەكىلۋازلىق قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن؛ دېھە-

قانلارنىڭ قولىدىكى ئالدىن بىلىش كارتوچكىسى تەلەپ بويىچە تولدۇرۇلمىغان؛ چارۋا مۇداپىئە پۇلى ئەمەلىي بار چارۋا سانى بويىچە يىغىلماي، كۆپتۈرۈپ ئىستاتىستىكا قىلىپ يوللانغان سانى بويىچە يىغىلغان؛ ئايرىم يېزا، كەنتلەردە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدىن قالايمىقان جەرىمانە ۋە رەنە پۇلى يىغىش يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان؛ دېھقانلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە جوغلانما ئەمگەك كۈنى ھېساباتى بەلگىلىمە بويىچە ھېساب ـ كىتاب قىلىنمىغان؛ بىر قىسىم كەنتلەردە يەنىلا كوللېكتىپ قەرز ئېلىپ، كوللېكتىپ قايتۇرۇش ئەھۋاللىرى ساقلانغان 13 جەمئەتتىكى مەسىلىنىڭ بىرقەدەر گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ ۋە بۇ مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ئىنكاس قىلىش ئارقىلىق خېلى كۆپ قىسىم مەسىلىلەرنىڭ ۋاقتىدا تۈزىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. قىلمىشى ئېغىر بولغان كادىرلارغا مەمۇرىي جەھەتتىن چارە كۆرۈلدى. دېھقانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى يەنىمۇ قوزغىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدىدى.

مەكىت ناھىيىسى غازكۆل يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، سۇ ھەققىنى قالايمىقان يىغىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى. 1998 ـ يىلى ئارتۇق يىغىۋالغان 56 مىڭ يۈەن سۇ ھەققىنى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا ئالاقىدار ئورۇنلارنى ماسلاشتۇرۇپ، 6 كەنتنىڭ ئۆستەڭنى چېپىپ، 4 كۆز قۇدۇق قېزىپ، 9.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساپ، سۇ قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 1999 ـ يىلدىن بېرى، ئامما ئىنكاس قىلىپ كېلىۋاتقان ھەر بىر ئاھالىنىڭ تېرىلغۇ يېرىنى بىر يەرگە يىغىپ بېرىش مەسىلىسىگە قارىتا، يېزىلىق پارتكومغا دوكلات قىلىپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، 13 كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ يېرىنى 1 ـ 2 جايغا مەركەزلەشتۈرۈپ يىغىپ بېرىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى ھەقىقىي قوزغاپ، كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا مەدەت بەردى. يوپۇرغا ناھىيىسى يەكشەنبە بازار يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى 67 نەپەر ۋەكىلنى مەدەنىيەت ـ مائارىپ نازارەتچىلىك گۇرۇپپىسى، مالىيە ـ ئىقتىساد نازارەتچىلىك گۇرۇپپىسى، قانۇن ئىجراسى نازارەتچىلىك گۇرۇپپىسى، يېزا ئىگىلىك نازارەتچىلىك گۇرۇپپىسى قاتارلىق 4 گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ھالدا دوختۇرخانا، ساقچىخانا، مۇلازىمەت پونكىتى، چارۋا مال دوختۇرخانىسى، مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تەكشۈرۈپ ۋە نازارەتچىلىك قىلىپ، بىر قىسىم قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇردى. شۇ ئارقىلىق سايلىغۇچىلار ۋە ئاممىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

**(قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى ئىشخانىسىدىن مۇھەممەتتۇرسۇن نەسرۇللا)**

**خەۋەرلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىر مامۇت**

## يولۋاس يۈتىنى چاناش

ئا: «مەن يولۋاسنىڭ پۇتىنى چانىۋەتتىم.»

ب: «نېمىشقا مېگىسىنى چانىمىدىڭ؟»

ئا: «مېگىسىنى باشقىلار چاناپ بوپتىكەن.»

**(تاھىر مامۇت تەرجىمىسى)**



# چەت ئەللەردە ئوقۇش ئۈچۈن يىلىغا قانچىلىك پۇل كېتىدۇ

ئامېرىكىدا تەخمىنەن 250 مىڭ يۈەن كېتىدۇ. ئامېرىكا يۇقىرى كىرىملىك دۆلەت. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 20 مىڭ دوللاردىن ئاشىدۇ. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يىللىق ئوقۇش بەدەل پۇلى ھەر بىر ئادەمنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى بىلەن باراۋەر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇش خىراجىتى، تۇرالغۇ ئۆي خىراجىتى، قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش خىراجىتى قاتارلىقلار ئۈچۈن يىلىغا 10 مىڭ دوللار كېتىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، بىر يىللىق خىراجەت 30 مىڭ دوللاردىن تۆۋەن بولمايدۇ. بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 250 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ.

ئەنگلىيىدە تەخمىنەن 200 مىڭ يۈەن كېتىدۇ. ئەنگلىيىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئىجتىمائىي پەنلەر ئۈچۈن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6600 فوند ستېرلىڭ، تەبىئىي پەنلەر ئۈچۈن 8500 فوند ستېرلىڭ، تېببىي پەنلەر ئۈچۈن 14500 فوند ستېرلىڭ خىراجەت كېتىدۇ. تاماق، ياتاق، قاتناش قاتارلىق شەخسىي خىراجەتلەر ئۈچۈن ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 450 فوند ستېرلىڭ كېتىدۇ، پۈتۈن يىللىق خىراجەت 5400 فوند ستېرلىڭ بولىدۇ. رايون ۋە ئوقۇلىدىغان پەنلەر پەرقلىق بولىدىغانلىقتىن، يىللىق ئوقۇش بەدەل پۇلىغا شەخسىي خىراجەت قوشۇلسا ئەڭ كۆپ بولغاندا 23000 فوند ستېرلىڭ، ئەڭ ئاز بولغاندا 9000 فوند ستېرلىڭ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16000 فوند ستېرلىڭدىن توغرا كېلىدۇ، بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 200 مىڭ يۈەن بولىدۇ.

ياپونىيىدە تەخمىنەن 150 مىڭ يۈەن كېتىدۇ. ياپونىيىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش بەدەل پۇلى ئۈچۈن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون يېن، تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن 1 مىليون 200 مىڭ يېن كېتىدۇ. 1 مىليون يېننى 70 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بويىچە سۇندۇرغاندا، جەمئىي 154 مىڭ يۈەن كېتىدۇ.

گېرمانىيىدە تەخمىنەن 100 مىڭ يۈەن كېتىدۇ. گېرمانىيىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش بەدەل پۇلى ئۈچۈن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭ مارك، تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن 10 مىڭ مارك جەمئىي 20 مىڭ مارك كېتىدۇ. ھەر ماركنى تەخمىنەن 5 يۈەن خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا، تەخمىنەن 100 مىڭ يۈەن بولىدۇ.

ئاۋستىرالىيىدە تەخمىنەن 100 مىڭ يۈەن كېتىدۇ. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش بەدەل پۇلى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 7500 ئاۋستىرالىيە دوللىرى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 12500 ئاۋستىرالىيە دوللىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇش ئۈچۈن ھەر يىلى 8500 ئاۋستىرالىيە دوللىرى ئەتراپىدا خىراجەت كېتىدۇ. ئائىلىۋى، تاماق، ياتاق خىراجىتىنىڭ ئۆزى كۆتۈرىدىغان قىسمى كۈنىگە ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 30 ئاۋستىرالىيە دوللىرى بولۇپ، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش بەدەل پۇلىغا تۇرمۇش خىراجىتىنى قوشقاندا 20 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرى كېتىدۇ. 1 ئاۋستىرالىيە دوللىرىنى 5 يۈەن خەلق پۇلى بويىچە ھېسابلىغاندا جەمئىي 100 مىڭ يۈەن بولىدۇ.

كانادا، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا بارغاندا، ئوقۇش خىراجىتى ئامېرىكىنىڭكىدىن تۆۋەن، ئاۋستىرالىيىنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان خىراجەتلەر تېخى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئوقۇغۇچى شەخسىي تاپشۇرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۆيۈشمىسى بەدەل پۇلى، تېببىي داۋالىنىش سۇغۇرتا پۇلى قاتارلىق باشقا پارچە خىراجەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

**(«گۇاڭشى خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىل 1 ـ سانىدىن سىراجىدىن ئىسمايىل** تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# غەربىي رايوننى ئېچىشنىڭ ئۈچ باسقۇچى

گوۋۇيۇەن تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزىدىكى لى شەنتۇڭ، ليۇيۇڭ، خۇيۇگجى قاتارلىق ئۈچ ئالىمنىڭ قارىشىچە، غەربىي رايوننى ئېچىش ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم مۇشەققەتلىك سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنى بىردىنلا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ئۇنى جەزمەن قەدەم ـ باسقۇچلۇق، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى، پۇتكۇل رايوننىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. غەربىي رايوننى ئېچىشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى كونكرېت نىشان ۋە ۋەزىپىلەر مۇنداق:

***بىرىنچى باسقۇچ:*** غەربىي رايوننى ئېچىشتا ئاساس سېلىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ، 2001 ـ يىلىدىن 2010 ـ يىلغىچە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى ئاساسىي نىشان شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايوننىڭ نىسبىي پەرقىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىپ بېرىش يۈزلىنىشىنى ئۈنۈملۈك چەكلەپ، كېيىنكى باسقۇچتىكى شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايوننىڭ مۇتلەق پەرقىنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت. ئاساسىي ۋەزىپە ئېچىشتىن بۇرۇنقى قاتناش، ئالاقىلىشىش، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق ئاساس خاراكتېرلىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش بولۇپ، بۇنىڭدا غەربىي رايون ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت يارىتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

***ئىككىنچى باسقۇچ:*** غەربىي رايوننى ئېچىشتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ 2011 ـ يىلدىن 2030 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى ئاساسىي نىشان شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايوننىڭ نىسبىي پەرقى ۋە مۇتلەق پەرقىنى كىچىكلىتىپ مۇۋاپىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. ئاساسىي ۋەزىپە ئۇل ئەسلىھەلەر ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا، كەسىپلەر بويىچە ئېچىش، ئۆزگىچە كەسىپلەرنى يولغا قويۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بولۇپ، سۇنئىي ئوت ـ چۆپ تېرىش كەسپى، چارۋىچىلىق كەسپى، بايلىق مەنبەلىرىدىن يەنىمۇ پايدىلىنىپ كەڭ تۈردە پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى، ساياھەتچىلىك كەسپى قاتارلىقلاردا ماھىيەتلىك تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىدۇ ، بۇلار غەربىي رايون ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلىنىدۇ.

***ئۈچىنچى باسقۇچ:*** غەربىي رايوننى ئېچىشنىڭ مۇستەھكەملەش باسقۇچى بولۇپ، ئۇ 2030 ـ يىلدىن 2050 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسىي نىشان غەربىي رايون بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن زامانىۋىلاشقان جەمئىيەتكە بىرلىكتە ئورتاق كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايوننىڭ ئىقتىسادىنى ئاساسىي جەھەتتە بىر گەۋدىلەشتۈرۈش بولىدۇ. شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايون ئارىسىدا تېخنىكا جەھەتتىكى پەلەمپەيلىك پەرق قايتا مەۋجۇت بولمايدۇ. ئاساسىي ۋەزىپە پۈتكۈل غەربىي رايوندا دۆلەت زېمىنىنى ئېچىش ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئورۇنداپ، «تاغ ـ دەريالارنىڭ گۈزەللىكى» ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يول بىلەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدىن تەركىب تاپقان مۇكەممەل، بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن غەربىي رايون قاتناش تورى ۋە ئالاقىلىشىش تورى بەرپا قىلىنىپ، شەرقىي رايون بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تۇتاشتۇرۇلىدۇ.

(«گۇاڭشى خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ **2001** ـ يىل 1 ـ سانىدىن **سىراجىدىن ئىسمايىل** تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۇل كېرەم


## ئۆزىنى قاچۇرۇش شەكلىدىكى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قانۇنغا خىلاپ قىلمىش

لى چۈننىڭ «خەلق قۇرۇلتىيى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدا ئېيتىلىشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى ئورۇنلاردا ھۆكۈمەت باشلىقلىرى نامزاتلىقتا كۆرسەتكەن بەزى ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملارنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىمىگەندىن كېيىن، شۇ قارار نوشقىچە قايتا ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى ئۇتتۇرىغا قويماي، ئۇ ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ ئورنى ئۇزاق مەزگىل بوش قېلىپ، پارتكوم ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن پارتىيە گۇرۇپپىسى مەسئۇللىرى خىزمەتلەرگە ئۇزاق مەزگىل رىياسەتچىلىك قىلىپ تۇرغان. بۇ ئىش تۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە تۇگۇن پەيدا قىلغان. بۇ خىل ئۇسۇل مۇۋاپىقمۇ؟ ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ھوقۇقىنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىمىگەن كىشى ئۇزۇن مۇددەت ۋاكالىتەن يۈرگۈزسە بولامدۇ؟

ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا ئۆلكە باشلىقى، ئاپتونوم رايون رەئىسى، شەھەر باشلىقى، ئوبلاست باشلىقى، ھاكىم، رايون باشلىقىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، نازىرى، ئىدارە باشلىقى، كومىتېت مۇدىرى، بۆلۈم باشلىق-لىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىش ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم ھوقۇقى، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇھىم خىزمەتچىلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يۇقىرىقى مەسىلىلەر چوقۇم يۈكسەك دىققەت ـ ئېتىبارنى قوزغىشى كېرەك. چۈنكى بۇ خىل ئۇسۇل پارتىيە بىلەن مەمۇرىيەتنى ئايرىماسلىق، پارتىيىنى ھاكىمىيەتكە ۋەكىللىك قىلدۇرۇشنىڭ تىپىك ئىپادىسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل ئۇسۇل قانۇندا بەلگىلەنگەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ياكى قانۇنغا نىسبەتەن مەقسەتلىك ئۆزىنى قاچۇرۇش پوزىتسىيىسى بولۇپ، قانۇن بەلگىلىمىسىدىن ھالقىپ ۋا-كالەتچىنى ئۆز مەيلىچە قارار قىلىش دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقىدىن ھال-قىش قىلمىشى ھېسابلىنىدۇ.

(«گېزىت ـ ژۇرناللاردىن تەرمىلەر» گېزىتىدىن **راخمانجان رۇسۇل** تەرجىمىسى)



## لېنىننىڭ باغاقچىسى

1918 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى لېنىن ماشىنا ئالغاندا، ماشىنىنىڭ تويۇقسىز ئەسلىدىكى 500 روبلىدىن 800 روبلىغا ئۆسۈپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ. تەكشۈرۈش ئارقى-لىق، مۇلازىمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقىنىڭ قوشۇپ قويغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. لېنىن بۇ خىل تەشكىلىي ئىنتىزامغا خىلاپ، خەلق كومىتېتىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشقا ناھايىتى ئاچچىقلىنىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، لېنىن مۇلازىمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقىغا ئىنتايىن كەسكىن قىلىپ مۇنداق باغاقچە ئەۋەتىدۇ: «سىز 1918 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ماشىنىنى ھەر ئايدىكى 500 روبلىدىن 800 روبلىغا ئۆستۈرگەنلىكىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىڭىز كېرەك. سىزنىڭ كومىتېت كاتىپى نىكولاي پېترووۋىچ گوربولوفنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مېنىڭ ماشىنىنى ئۆستۈرۈشىڭىز قانۇنغا خىلاپ قىلمىش، خەلق كومىتېتىنىڭ 1917 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى پەرمانىغا خىلاپ، مەن سىزگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەنلىكىنى جاكارلايمەن».

لېنىن پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئۈچۈن، بىر پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىنىڭ ئالىي ئۈلگىسى بولۇپ قالغان.

(«گېزىت ـ ژۇرناللاردىن تەرمىلەر» گېزىتىدىن **راخمانجان رۇسۇل** تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

## توختامدا قەرزدارلىق مۆھلىتى بېكىتىلگەن بولسا، قەرزنى ئالدىن قايتۇرغاندا ئۆسۈمى كېمەيتىلمەيدۇ

كاڭ جيەنخۇا

قەرزدارلىق توختامدا ئارىيەت ئالغان پۇل قايتۇرۇلمىسا كېلىشىمگە خىلاپ بولىدىغانلىقى ھەممىزگە ئايان. لېكىن قەرزنى ئالدىن قايتۇرسىمۇ كېلىشىمگە خىلاپ بولىدىغانلىقىنى كۆپچىلىك بىلمىسە كېرەك. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى توختام قانۇنى»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، قەرز ئالغان كىشى پۇلنى ئالدىن قايتۇرسىمۇ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدىكەن.

قەرز بەرگۈچى قەرز ئالغۇچىدىن تۆلەم بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدىكەن. 131 ـ ماددىدا تۆلەم سوممىسى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان: «خەلق پۇلىنىڭ ئۆسۈمىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»نىڭ 26 ـ ماددىسىدىمۇ: «قەرز بەرگۈچى ئەسلىدىكى قەرزدارلىق توختامىغا ئاساسەن، قەرز ئالغۇچىدىن ئۆسۈم بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن. يەنى تۆلەم سوممىسى ئالدىن قايتۇرغان كۈندىن قەرزدارلىق توختامدا بەلگىلەنگەن كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا تۆلەشكە تېگىشلىك ئۆسۈمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.

شۇڭا، مۇئامىلىدارلار بانكا بىلەن قەرزدارلىق توختامى ئىمزالىغاندا، ئۆزىنىڭ قەرز ئالغان ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، قەرز قايتۇرۇش ۋاقتىنى ئېنىق بېكىتىشى لازىم. قەرز قايتۇرۇش ۋاقتىنى ئېنىق مۆلچەرلىيەلمىگەنلەر قەرز قايتۇرۇش ۋاقتىنى ئازراق ئۇزارتسىمۇ بولىدۇ، ئەمما بانكا بىلەن قەرزنى ئالدىن قايتۇرۇشقا بولىدىغانلىق توغرىسىدا كېلىشىۋېلىشنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم. ئەلۋەتتە، توختامدىكى مۆھلەت ئەمەلىي ئېھتىياجلىق ۋاقىتتىن قىسقا بولۇپ، مۇئامىلىدارلار مۇددەت توشقاندا قەرزنى قايتۇرالمىسا، بانكىمۇ قەرەلى ئېشىپ كەتكەن ۋاقىتتا ئۆسۈمنى قوشۇپ ھېسابلاش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىدۇ.

(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2 ـ فېۋرال سانىدىن ئەسقەرجان ئەھمەت تەرجىمىسى)

## پىۋا كۆزگە ئاق چۈشۈش كېسىلى ۋە يۈرەك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ

يېڭى بىر تەتقىقات نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ھەر كۈنى بىر ئىستاكان پىۋا ئىچكەندە، كۆزگە ئاق چۈشۈش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياردىمى بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىۋا تەركىبىدە كۆپلىگەن ئوكسىدلىنىشقا قارشى ماددىلار بولۇپ، يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىدىكەن.

كانادا ئالىملىرى چاشقاننى تەجرىبە قىلىپ، ئوكسىدلىنىشقا قارشى ماددىلارنىڭ كۆزنى قوغدايدىغانلىقىنى بايقىغان، كۆزگە ئاق چۈشۈش كېسىلى دەل كۆز ھۈجەيرىسىنىڭ زەخىملىنىشىدىن باشلىنىدىكەن. شۇڭا ئالىملار ھەر كۈنى بىر ئىستاكان پىۋا ئىچىپ، كۆز ھۈجەيرىسىنى قوغداشنى تەۋسىيە قىلدى.

بۇ بايقاش دىئابىت كېسىلى بىمارلىرى ئۈچۈنمۇ بىر خۇش خەۋەر، چۈنكى ئالىملار بەدەندىكى يۇقىرى قەنت تەركىبىنىڭ كۆز ھۈجەيرىسىدىكى خوندرىئوسوم دەپ ئاتىلىدىغان مۇھىم ئېلېمېنتنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

خوندرىئوسومنىڭ رولى گلۇكوزىنى ھۈجەيرىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇش ئىكەن. كىرىستال جىسىمنىڭ تاشقى قەۋىتىدىكى خوندرىئوسوم زىيانغا ئۇچرىسا، كۆزگە ئاق چۈشىدىكەن.

ئامېرىكا پېنسىلۋانىيە شتاتىدىكى ئالىملارنىڭ كۆرسىتىشىچە، پىۋا كىشىلەرنىڭ قان تومۇر قېتىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنىڭ يېرىمىنى ئازايتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاي ھەم ئۈزۈم شەربىتىدىكى ئوكسىدلىنىشقا قارشى ماددىلارمۇ ئوخشاش ئۈنۈمگە ئىگە ئىكەن.

(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2 ـ فېۋرال سانىدىن ئەسقەرجان ئەھمەت تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# چەت ئەللەرنىڭ خام چوت لايىھىسىنى تۈزىتىش جەھەتتىكى قانۇنىي يېتىشسىزلىكى

**ۋاڭ يۇڭلى**

نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ خام چوت تەرتىپىدە خام چوت لايىھىسى باشقا قانۇن لايىھىلىرىگە ئوخشاشلا قانۇن چىقىرىش ئورگىنىنىڭ مۇزاكىرە، مۇنازىرە ۋە گۇۋاھلىق-تىن ئۆتۈش قاتارلىق قاراپ چىقىش جەريانىدىن ئۆتكەن-دىن كېيىن تەستىقلىنىدۇ. بۇ جەرياندا قانۇن چىقىرىش ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملار تۈرلۈك نۇقتىلاردىن خام چوت لايىھىسىگە قارىتا تۈزىتىش پىكرى ۋە تەۋسىيەلە-رىنى بېرىدۇ. بىر قىسىم پىكىر ۋە تەۋسىيەلەر يەككە ۋە تارقاق بولۇپ، خام چوتنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى ئورگان ئىزاھات بەرسىمۇ ياكى خام چوتنى ئىجرا قىلغۇچى ئورۇن ئىجرا قىلىش داۋامىدا ئويلىنىپ كۆرسىمۇ بولىدۇ. خام چوت لايىھىسىنى تەستىقلىغۇچى ئورگان ئادەتتە خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەرتىپىنى يۈرگۈزمە-سىمۇ بولىدۇ. بەزى پىكىر ۋە تەۋسىيەلەر خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ شەكلەن ۋە ماھە-يەتلىك شەرتلىرىنى ھازىرلىشى مۇمكىن. ھەرقايسى دۆلەتلەر بۇنىڭغا قارىتا خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەرتىپىنى بەلگىلىگەن ۋە يۈرگۈزگەن.

1

خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئادەتتە قاراپ چىقىش تەرتىپىگە كىرگەن خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. قانۇن نەزەرىيىچىلە-رى خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە قارىتا ئوخشىمىغان كۆز قاراشتا ئىكەن.

بىرىنچى خىل پىكىردىكىلەر خام چوت نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىدىن چىقىپ، خام چوت دۆلەت تۇرمۇشىدا تولىمۇ مۇھىم، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك؛ گەرچە ئاساسىي قانۇن قانۇن چىقىرىش ئورگىنىغا ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان كىرىم ۋە چىقىمنى ئۆزگەرتىش (كۆپەيتىش ۋە ئازايتىش) ھوقۇقىنى بەرگەن بولسىمۇ، بۇ ھوقۇقنى ھۆكۈمەت تۈزگەن خام چوت لايىھىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقىچە كېڭەيتىشكە بولىدۇ؛ شۇڭا قانۇن چىقىرىش ئورگىنىنىڭ خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھوقۇقى چەكسىز بولىدۇ. ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشتى-كىلەر «خام چوت قانۇن دېمەكتۇر» ئىدىيىسى بويىچە خۇلاسە چىقىرىدۇ. نۆۋەتتە ئامېرىكا، كۆپ قىسىم غەربىي ياۋروپا ئەللىرى ۋە بىر قىسىم سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر-نىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇندا يۇ-قىرىقىدەك ھوقۇققا ئىگە.

ئىككىنچى خىل پىكىردىكىلەر تەڭپۇڭ خام چوتنىڭ تېخنىكىلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ، خام چوتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇزاق مەزگىللىك پىلانغا تەسىر كۆرسىتىپ، پۈتكۈل رايوننىڭ ھەتتا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ؛ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى باھالاش تېخنىكىسى جەھەتتىن خام چوتقا

ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس، قانۇن چىقىرىش ئورگىنىنىڭ خام چوت لايىھىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش هوقۇقى چەكلىمىگە ئۇچرىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشتىكى قانۇن نەزەرىيىچىلىرى «خام چوتنىڭ ئالاھىدە شەكلى ۋە سۇبستانىيىسى» بويىچە خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئۇلار خام چوت هوقۇقى قانۇن چىقىرىش ئورگىنىدا بولسىمۇ، خام چوتنى ئوتتۇرىغا قويۇش هوقۇقى مەمۇرىي هوقۇقنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، قانۇن چىقىرىش ئورگىنىنىڭ خام چوت لايىھىسىنى ئەستىقلاش هوقۇقى بىر تۈرلۈك ئېتىراپ قىلىش هوقۇقىدۇر، شۇڭا، خام چوت لايىھىسىنى ئۆزگەرتىش ئىشلىرى چەكلىمىگە ئۇچرىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدا ئەنگلىيىنىڭ خام چوت قانۇنى تۈزۈمى ئەڭ تىپىك. ئەنگلىيىنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى خام چوت چىقىم تۈرلىرى ۋە سوممىسىنى بىكار قىلالايدۇ ۋە ئازايتالايدۇ، ئەمما خام چوت تۈرلىرى ۋە سوممىسىنى كۆپەيتىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. قانۇن چىقىرىش ئورگىنى قاراپ چىقىش جەريانىدا خام چوت چىقىمىنى كۆپەيتىشكە ئېھتىياجلىق بولسىمۇ، بۇنى مالىيە مىنىستىرلىكىلا ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

**2**

خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە قارىتا قانۇن نەزەرىيىسىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراش بولسىمۇ، ئەمما كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىدا قانۇن چىقىرىش ئورگىنىغا خام چوت لايىھىسىنى ئەستىقلاش، رەت قىلىش ۋە تۈزەتكەندىن كېيىن ئەستىقلاش هوقۇقى بېرىلگەن. ئەمما ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خام چوت لايىھىسىنى تۈزىتىشتىكى تەكلىپ قويغۇچى سۇبيېكت، تەكلىپ مەزمۇنى، تەكلىپ بېرىش ۋاقىت چېكى ۋە تەكلىپنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا قارىتا ئوخشىمىغان بەلگىلىمىلىرى بار:

*1) خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنى قويغۇچى سۇبيېكت*

هۆكۈمەت خام چوت لايىھىسىنى تۈزۈپ تاپشۇرىدۇ. شۇڭا هۆكۈمەت ئۇنىڭغا قايتا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنى بېرىش هوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەمما، خام چوت لايىھىسى قانۇن چىقىرىش ئورگىنىغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈزىتىش پىكرىنى بەرگۈچى كۆپىنچە ھاللاردا هۆكۈمەت بولماستىن، قانۇن چىقىرىش ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملار، كومىتېتلار ياكى يىغىن چاقىرغۇچىلار، بەزىدە ھەتتا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ياكى ئاۋام بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇلار خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە تەكلىپ بەرگۈچى سۇبيېكت بولالامدۇ؟ نۆۋەتتە، كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىدا، قانۇن چىقىرىش ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملار، كومىتېتلار، پارلامېنت باشلىقى ۋە هۆكۈمەت خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنى بېرىسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمما بۇنىڭ شەرتلىرى ئىنتايىن قاتتىق. مەسىلەن، ياپونىيىنىڭ پارلامېنت قانۇنىدا، خام چوتقا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار ئاۋام پالاتاسىدا 50 كىشى، كېڭەش پالاتاسىدا 20 كىشى، باشقا قانۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار ئاۋام ۋە كېڭەش پالاتالىرىدا 20 ۋە 10 كىشى بولۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. ئەنگلىيە قانۇنىدا، پارلامېنتقا «خام چوتنى ئوتتۇرىغا قويۇش» هوقۇقى بېرىلمىگەن، پەقەت هۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملارلا خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇش هوقۇقىغا ئىگە. ئامېرىكا 1976 ـ يىلى خام چوت لايىھىسىنى قوش ئوتتۇرىغا قويۇش هوقۇقى تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، هۆكۈمەت ۋە پارلامېنت خام چوت لايىھىسىنى ۋە خام چوتقا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدىغان بولدى.

*2) خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنىڭ مەزمۇنىغا قويۇلغان تەلەپ*

56

ئامېرىكا پارلامېنتى زۇڭتۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان خام چوت لايىھىسىگە پۈتۈنلەي تۈزىتىش كىرگۈزەلىگىنىدىن باشقا، كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىدا قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ خام چوت لايىھىسىنى تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنىڭ ئەمەلىي مەزمۇنلىرىغا چەكلىمە قويۇلغان بولۇپ، خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنىڭ قويۇلۇشى ئەسلى لايىھە بىلەن باغلىنىشلىق بولۇش، چەكلىك تۈزىتىش ۋە شەكلى مۇكەممەل بولۇش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولۇش تەلەپ قىلىنغان. باغلىنىشلىق بولۇش پرىنسىپى خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى بىلەن خام چوت لايىھىسىنىڭ مەزمۇنى بىۋاسىتە باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ناۋادا تاپشۇرۇلغان تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى بىلەن ئەسلى لايىھىنىڭ بىۋاسىتە باغلىنىشى بولمىسا پارلامېنت قوبۇل قىلمايدۇ. ئەسلى لايىھە بىلەن مۇناسىۋەتسىز تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى ھۆكۈمەتكە بېرىلىشى ياكى ھۆكۈمەت قوشۇلغاندىن كېيىن بېرىلىشى كېرەك. چەكلىك تۈزىتىش پرىنسىپى دېگەندە، باشقا قانۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تۈزۈمىگە سېلىشتۇرغاندا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خام چوت لايىھىسىنى تۈزىتىشكە قارىتا كەسكىن شەرتلەرنى قويغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مالتا قاتارلىق دۆلەتلەردە شەخسنىڭ تەكلىپ لايىھىسى باج سوممىسىنى كەچۈرۈم قىلىش، باجنى كۆپەيتىش ياكى مالىيە كىرىمىنى ئۆزگەرتىشكە چېتىلماسلىقى كېرەك. فرانسىيە ئاساسىي قانۇنىدا، پارلامېنت ئەزالىرى ئوتتۇرىغا قويغان تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى ناۋادا ماقۇللىنىپ، دۆلەت كىرىمىنى ئازايتىش ياكى دۆلەت چىقىمىنى كۆپەيتىش ۋە چىقىم تۈرلىرىنى يېڭىدىن تەسىس قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولسا قوبۇل قىلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. گرېتسىيە قانۇنىدا، تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىدە شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ جامائەت چىقىمىنى ئاشۇرۇشقا ياكى باجنى كېمەيتىشكە بولمايدۇ، مالىيە مىنىستىرىنىڭ دوكلاتى بىلەن بىرگە سۇنۇلغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. بولمىسا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى بىلەن خام چوت لايىھىسىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. يەنە بىر قىسىم دۆلەتلەردە خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا مەلۇم شەرتلەر بار. مەسىلەن، ئالجىرىيە، سومالى، ئۇگاندا قاتارلىق دۆلەتلەر، ماس مىقداردىكى زاپاس بايلىق بولمىسا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىدە مالىيە كىرىمىنى كېمەيتىشكە ياكى مالىيە چىقىمىنى ئاشۇرۇشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلىگەن؛ ئىسپانىيە، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەر، ماس مىقداردىكى زاپاس بايلىق بولمىسا خىراجەتكە چېتىلىدىغان تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولمايدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى بۇنىڭ سىرتىدا، دەپ بەلگىلىگەن. يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى چىقىمنى ئاشۇرۇۋېتىدىغان خام چوتقا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىگە قارىتا «ئىمكانقەدەر مالىيە مەنبەسى بىلەن تەمىنلەش»نى تەلەپ قىلغان. شەكلى مۇكەممەل بولۇش پرىنسىپى دېگەندە، خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى قانۇن لايىھىسىنىڭ شەكلەن شەرتلىرىنى ھازىرلىشى، قانۇن لايىھىسىنىڭ مەزمۇنى، ئىزاھاتى ۋە تەكلىپ قىلغۇچىنىڭ ئىمزاسى بولۇشى كېرەكلىكى كۆزدە تۇتۇلغان.

*(3) خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنىڭ ۋاقىت چېكى*

ئادەتتە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى قاراپ چىقىش جەريانىدا بېرىلىدىغان ۋە ئەسلى لايىھە بىلەن بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولغاچقا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىدا خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنىڭ بېرىلىش ۋاقتىغا چەك قويۇلغان. پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ شەخسەن تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنى بېرىشىگە رۇخسەت قىلىنغان دۆلەتلەردە پارلامېنت ئەزاسى خام چوت لايىھىسى تەستىقلىنىشتىن ئىلگىرى ھەرقانداق ۋاقىتتا تەكلىپ بەرسە بولىدۇ؛ بەزى دۆلەتلەر-

نىڭ قانۇنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى قانۇن لايىھىسى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇلغاندىن كېيىن، يەنى تۇنجى كۆرۈش بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈش ئارىلىقىدا بېرىلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن؛ يەنە بەزى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى كومىتېتلار تەكشۈرۈۋاتقان ياكى تەكشۈرۈشتىن كېيىنكى دوكلات باسقۇچىدا، يەنى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈش بىلەن ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈش ئارىلىقىدا بېرىلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن: ئېلىمىز قانۇنىدا خام چوت لايىھىسىنى قۇرۇلتاي تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن؛ خام چوت لايىھىسىنىڭ قۇرۇلتاي جەريانىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغانلىقى يىۋاستە بەلگىلەنمىگەن بولسىمۇ، نەزەرىيە جەھەتتىن قارىغاندا، پەقەت قۇرۇلتاي ۋاقتىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغاندەك قىلىدۇ.

*٩) خام چوت لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى*

ئامېرىكا پارلامېنتى خام چوتقا قارىتا تەكلىپ بېرىش، تۈزىتىش ۋە تەستىقلاش هوقۇقىغا ئىگە بولغاچقا، قاراپ چىققاندا پارلامېنت ئەزالىرى تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىگە ئۆزگەرتىش تەكلىپى بېرىدۇ. شۇڭا، تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپىدە ئەكسىگە ياندۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. يەنى ئالدى بىلەن تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپى ئۈستىدە، ئاندىن تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى ئۈستىدە، ئاخىرىدا ئەسلى لايىھە ئۈستىدە قارار چىقىرىدۇ. ئەنگلىيە پارلامېنتى خام چوت لايىھىسىنى چەكلىك تۈزىتىش هوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ تەكلىپى (مەمۇرىي ئورگان ئارقىلىق) قوبۇل قىلىنسا، ئالدى بىلەن پارلامېنتنىڭ مۇناسىۋەتلىك كومىتېتلىرى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرگەندىن كېيىن تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە بولىدىغان بولمايدىغانلىقى قارار قىلىنىدۇ. بەزى دۆلەتلەر تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى مەزمۇنىنىڭ مۇھىم ياكى ئادەتتىكىلىكى ۋە جىددىي ياكى ئاستىلىقىغا ياكى تەكلىپ سۇبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپىنى بېكىتىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى قارار قىلىنىپ ماقۇللانسا، ئەسلى لايىھىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ ـ دە، ئۇنى ئەسلى لايىھە بىلەن بىرگە قارار قىلىشنىڭ هاجىتى قالمايدۇ.

**(قۇربان سەمەت** تەرجىمىسى)

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

## ئالاھىدە ئىقتىدار

ئاپتوبۇستا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇشقان بىرنەچچە ئوغۇل ـ قىز هاسا تايانغان بىر بوۋاينىڭ ئاپتوبۇسقا چىققىنىنى كۆرۈپلا، ئۇخلاپ قالغان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ.

ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرغان شياۋمىڭ بۇنى كۆرۈپ ئاپىسىغا :

ــ ئاپا، هازىر ئاپتوبۇسقا چىققان بوۋاينىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى باركەن.


ئاپىسى:

ــ سەن قانداق بىلدىڭ؟

شياۋمىڭ:

ــ سەن كۆرمىدىڭمۇ، باياتىندىن بېرى پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغان تاغا، هەدىلەر بوۋاينىڭ ماشىنىغا چىققىنىنى كۆرۈپلا ئۇخلاپ قېلىشتى.

**(ئەسقەر توختىيۇسۇپ** تەرجىمىسى)



# برازىلىيىنىڭ يېڭى قاتناش قائىدىسى

برازىلىيىلىكلەر ماشىنىنى تېز ھەيدەيدۇ ھەمدە قاتناش قائىدىسىنى كۆزگە ئىلمايدۇ. بۇ ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بىرلىشىپ برازىلىيە ھەم ئاجايىپ بەيگە ماشىنا ماھىرلىرىنى تەربىيىلەيدىغان ئورۇنغا، ھەم دۇنيا بويىچە قاتناش ۋەقەسى ئەڭ كۆپ يۈز بېرىدىغان جايغا ئايلاندى. برازىلىيە دۆلىتى داڭلىق بەيگە ماشىنا ماھىرلىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، لېكىن قاتناش ۋەقەسى كۆپ يۈز بېرىشتەك سەت نام برازىلىيە ھۆكۈمىتىنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى، ئۇلار يېڭى قاتناش قانۇنى تۈزۈش ئارقىلىق تۈزۈمنى كۈچەيتمەكچى بولۇپ، 300 نەچچە ماددىلىق مۇرەككەپ قاتناش قائىدىسى تۈزدى ھەمدە يۇقىرى جەرىمانە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يامان ئادەتنى چۆرۈپ تاشلاشنى ئۈمىد قىلدى.

بۇ چەكلىمىلەر بۇرۇن قاتناش قائىدىسىنى پەقەت پايدىلىنىش ماتېرىيالى دەپ بىلىدىغان برازىلىيىلىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئادەمنى چۆچەپ قويغانلىق ئىدى، بولۇپمۇ جەرىمانىنىڭ يۇقىرى بولۇشى پۇقرالارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. مەسىلەن، ماشىنىنى پىيادىلەر يولىدىكى رىشاتكىدىن يىراق توختاتقانلارغا بىردەك 50 برازىلىيە كروزېيروسى (تەخمىنەن 40 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ يېرىم ئايلىق مائاشىغا توغرا كېلىدۇ) جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدىگەنلەرگە 700 ئامېرىكا دوللىرى جەرىمانە قويۇلغاندىن سىرت، پىراۋىسى تارتىۋېلىنىپ، ئۈچ يىلدىن تۆۋەن قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. بۇرۇن يېرىم كېچىدە قىزىل چىراقنى بۆسۈپ ئۆتكەنلەرگە كۆپ بولغاندا پەقەت رەسمىيەت يۈزىسىدىن بىرنەچچە ئامېرىكا دوللىرى جەرىمانە قويۇلاتتى، ھازىر 100 ئامېرىكا دوللىرى جەرىمانە قويۇلىدىغان بولدى.

برازىلىيىنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، ئەگەر يېرىم كېچىدە قىزىل چىراقتا يولۇققاندا ماشىنا توختاتسىڭىز بۇلاڭچىلارغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولىسىز. ساياھەتچىلىك قوللانمىسىدا دائىم دېگۇدەك «قىزىل چىراقتا يولۇقسىڭىز، ئوڭ - سول تەرىپىڭىزدە ماشىنا بولمىسىلا بىخەتەرلىكىڭىز ئۈچۈن ماشىنىڭىزنى توختاتماي ھەيدەڭ» دېيىدىغان تەكلىپنى ئۇچرىتىشىڭىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارمۇ ئامالسىزلىقتىن ئۆزىنى ئاقلاپ، قانۇننى كۈچەيتىشنىڭ مەقسىتى جەرىمانە قويۇش ئەمەس، بەلكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدىكى قاتناش ۋەقەسىنى ئازايتىش، دېيىشىدۇ. بىر قاتناش ساقچىسى مۇنداق دېدى: «برازىلىيىلىكلەرنىڭ قېنى قىزىق. شۇڭا بىزدە دۇنيا بەيگە ماشىنا مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولغانلار كۆپ. لېكىن بىزنىڭ تاشيوللىرىمىز يولۋاسنىڭ ئاغزىغا ئوخشاپ قالدى. يىراقتىكىنى قويۇپ ئامېرىكىنى مىسالغا ئالساق، ئامېرىكىدا 200 مىليون ماشىنا بولۇپ، يىلىغا 41 مىڭ ئادەم قاتناش ۋەقەسىدە قازا قىلىدۇ. برازىلىيىنىڭ 20 مىليون ماشىنىسى تۇرۇقلۇق، يىلىغا 50 مىڭ ئادەم قاتناش ۋەقەسىدە قازا قىلىدۇ، ھەر يىلى ھۆكۈمەت قاتناش ۋەقەسىدە يارىدار بولغانلارنى داۋالاشقا 4 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى خەجلەيدۇ. يۇقىرىقى پايدا - زىياننى دەڭسەپ كۆرگەندە ھۆكۈمەت تەدبىر قوللانمىسا بولامدۇ؟»

كۆپنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، يۇقىرى جەرىمانە ۋە برازىلىيىكلەرنىڭ قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىغان مىجەزى برازىلىيە ساقچىلىرىغا شەكلى ئۆزگەرگەن خىيانەتچىلىك پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەن. كوچىدىكى بىر يايمىچى مۇنداق دېدى: «بىز برازىلىيىكلەر ھەممە ئىشنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى بىلەن بېجىرىمىز، بۇ قانۇنلار پەقەتلا ساقچىلارنىڭ يانچۇقىنى تومپايتىدۇ».

**(«قانۇن گۈلزارى» ژۇرنىلىدىن ئادىل تۇرسۇن تەرجىمىسى)**

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# ئامېرىكىدىكى كەمبەغەللەر كىنىشكا بېجىرىپ ئەخلەت دۆۋىسىدىن يېمەكلىك ئىزدىمەيدۇ

ئامېرىكىدىكى بەزى چوڭ شەھەرلەرنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ 10 مىليونغا يەتتى. ھاللىق ئائىلىلەر خۇشال ـ خورام ياشىسىمۇ، لېكىن مۇقىم مۈلكى بولمىغان، ياشىنىپ قالغان كەمبەغەللەرنىڭ ئازغىنا قۇتقۇزۇش پۇلىغا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈشى تەسكە چۈشىدۇ. شۇڭا، بەزىلەر ئەخلەت دۆۋىسىدىن يېمەكلىك تېپىپ يەيدۇ. ھۆكۈمەت كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قامداۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن بۇنى چەكلىمىگەن، بىراق تاشلىۋېتىلگەن يېمەكلىكنى يەيدىغان كەمبەغەللەرنىڭ كىنىشكە بېجىرىپ، كۆرسىتىلگەن دوختۇرخانىدا ھەپتىدە بىر قېتىم سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈپ، مەلۇم بىر خىل ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىك كۆرۈلمىسە، ئاندىن داۋاملىق ئاشۇنداق يېمەكلىكنى يېيىشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارغان.

مۇدبال بوۋاي مۇنداق دېدى: «ئەخلەت دۆۋىلىرىدىن تېپىلغان يېمەكلىك تاتلىق بولىدۇ، تەن سالامەتلىكىمنى ئويلىشىپ يېمەكلىكنى چوڭ ئەخلەت دۆۋىسىدىن ئىزدىمەي، ئالدى بىلەن قەغەز خالتىدا ئېشىپ قالغان يېمەكلىكنى تېپىپ يەيمەن. مەن كۆپىنچە كىنوخانا ياكى تىياتىرخانا ئەتراپىنى ئىزدەيمەن، چۈنكى ئۇ يەردە دائىم مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز ـ يىگىتلەر قەغەز خالتىدىكى يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ كۆپ ھاللاردا يەپ بولالمايدۇ. شۇڭا، قەغەز خالتىغا قاچىلانغان ئاقىۋالداق ياكى مۇقاتىلنى خاتىرجەم ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

يېرىم قۇرغاق يېمەكلىكنى ئاشخانا ياكى تېز تاماقخانىدا ئېشىپ قالغان يېمەكلىكنى تۆكىدىغان جايدىن ئىزدىگەندە، يەپ بولالمىغان قورداق ياكى بولكا، ھەتتا شورپىلارنى ئاسان تاپقىلى بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى چېنىقىشتىن كېلىدۇ. تاشلىۋېتىلگەن يېمەكلىكنى يەپ ئاغرىپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەيمەن، ئاغرىپ قالسامۇ كىنىشكام بولغاچقا ھەقسىز داۋالىنىمەن».

تاشلىۋېتىلگەن يېمەكلىكنى ئىستېمال قىلىدىغان كىشىلەر كۆپىنچە ياشانغانلار بولۇپ، بەزىلەر بۇنى ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ كۈن كەچۈرۈپ، پەرزەنتلەرگە يۆلىنىۋالمىدىم، دەپ پەخىرلىنىدىكەن.

يەنە بەزىلەر ئەخلەت دۆۋىسىدىن خىلمۇ خىل يېمەكلىكنى پۇل خەجلىمەيمۇ تاللاپ يېگىلى بولىدۇ، بۇ ئاشخانىدىن تاماق سېتىۋېلىشقا قارىغاندا كۆپ قىزىقارلىق، ئۆزىمىزنى كەمسىتىشىمىز ھاجەتسىز، دەپ قارايدىكەن.

(«قانۇن گۈلزارى» ژۇرنىلىدىن ئادىل تۇرسۇن تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# هاقارەتلىنىش بەدىلىگە بېرىلگەن 74 .66 يۈەن تۆلەم

**يەن ياڭ**

بىر پاك سەھرا قىزى ئىپپەت ـ نومۇسنى ساتقان دەپ قارىلىنىپ، جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن 23 سائەت مەھرۇم قىلىنغان. بۇ ئارىلىقتا قولىدىكى كويزىنىڭ بىر بېشى ۋاسكېتبول گارىغا چېتىپ قويۇلغان. مەزكۇر دېلو ئەكشۈرۈلۈش جەريانىدا ئۇ تېخى ئىككى قېتىم قىزلىقىنى تەكشۈرۈشكە مەجبۇر قىلىنغان. پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇق مەنپەئىتىگە شۇ قەدەر قوپاللىق بىلەن دەخلى ـ تەرۇز قىلىنغان، پۇقرالارغا روھىي جەھەتتىن شۇ قەدەر ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن بۇ دېلودا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا ئاران 66 . 74 يۈەن تۆلەم بېرىلدى!

بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىققان مەزكۇر «يۈزى ئېچىلمىغان قىزنىڭ ئىپپەت نومۇسنى سېتىش» دېلوسى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ جىڭياڭ ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىزنىڭ ئىسمى مادەنىدەن، 19 ياش. مەزكۇر دېلونى بېجىرىشكە چېتىشلىق خەلق ساقچىلىرىغا ۋە ئالاقىدار رەھبەرلەرگە ئاران ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، پارتىيىدىن چىقىرىش، مەمۇرىي دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش، ئىش ئورنىدىن ئايرىپ تەربىيىلەش، خىزمەتتىن چېكىندۇرۇش جازاسى بېرىلگەن. بۇ دېلو نوقۇل ھالدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىڭ ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشى، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىۋېتىشى تۈپەيلىدىنلا كېلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ كىشىلەرنى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن ئويلىنىپ بېقىشقا ئۈندەيدۇ: بىرىنچى، ئەدلىيە ئورگانلىرى پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلغاندىن كېيىن، قانداق تۆلەم تۆلىشى كېرەك؟ ئىككىنچى، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش قىلمىشى دۆلەتنىڭ قىلمىشىمۇ ياكى شەخسنىڭ قىلمىشىمۇ؟

خەۋەر قىلىنىشىچە، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «دۆلەت تۆلىمى قانۇنى»غا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ شەخسلەرنى جىسمانىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن بېرىلىدىغان تۆلەمنىڭ ئۆلچىمى بىر كۈنلۈككە ئاران نەچچە ئون يۈەن بولۇپ، بىر بىگۇناھ كىشى بىكاردىن بىكارغا 10 يىل قاماپ قويۇلسا، ئاران 10 مىڭ يۈەن تۆلەمگە ئېرىشەلەيدىكەن. شۇنداق بولغاندا، مەزكۇر دېلودىكى مادەنىدەنىڭ 23 سائەت قاماپ قويۇلغانلىقى ھەمدە قىزلىقىنى تەكشۈرتۈشكە مەجبۇرلانغانلىقى ئۈچۈن، 66 . 74 يۈەن تۆلەم بېرىلگەنلىكى «دۆلەت تۆلىمى قانۇنى»غا ئۇيغۇن ئىكەن. مادەنىدەنىڭ روھىي جەھەتتىن تارتقان زىيىنى ئۈچۈن، ئاران كەچۈرۈم سوراش، نام ـ ئابرۇيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەسىرىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت 3 خىل شەكىلدە «تۆلەم» بېرىش بەلگىلەنگەن.

پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن

قوغدىلىدۇ. پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغاندا، ئالاقىدار ئورگانلار سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچى تەرەپنى جازالايدۇ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچى تەرەپ دۆلەت ئورگىنىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالغاندا، جازالاشنىڭ سالمىقى شۇ قەدەر ئاجىزلاپ كېتەمدۇ! مۇشۇنداق ئەھۋالدا يەنە قانداقمۇ پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ ناۋادا، مەزكۇر دېلودىكى سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچى مەلۇم شەخس بولغان بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا پەقەت 66 . 74 يۈەن تۆلەم بېرىپ قويۇش بىلەنلا تۈگەپ قالارمىدى؟

ئىككىنچى مەسىلىگە كەلسەك، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ بىر قىسىم خىزمەتچىلىرى قانۇننى ئىجرا قىلىپ تۇرۇقلۇق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، يامانغا يانتاياق بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدا ھوقۇق بولغاچقا، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، تېخىمۇ تەپتارتماستىن قىلىدىغىنىنى قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ.

مېنىڭچە، ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىش ئەسلىدىنلا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ۋە ئۇنىڭغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق بولۇپ، گەرچە ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكى ۋەزىپە ئىجرا قىلىش داۋامىدا سادىر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈش ئەسلىدىنلا دۆلەتنىڭ قىلمىشى ئەمەس، بەلكى شەخسنىڭ قىلمىشىدۇر. بۇ خىل قىلمىشنى جازالاش چوقۇم ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىنى ۋە جىنايى قىلمىشىنى جازالاشقا ئوخشاش بولۇشى كېرەك. مەزكۇر «يۈزى ئېچىلمىغان قىزنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى سېتىش» دېلوسىنى بېجىرىشكە چېتىشلىق خەلق ساقچىلىرى سەۋەنلىكى ئۈچۈن بارلىق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى، ئۇلارنىڭ جاۋابكار بولغان مەزگىلدىكى سالاھىيىتى ساقچى بولماستىن، بەلكى ئادەتتىكى پۇقرا بولۇشى، ئۇلارنىڭ قىلمىشى پەقەت شەخسىي قىلمىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قانداق جازالاشقا تېگىشلىك بولسا، شۇنداق جازالىنىشى، قانچىلىك تۆلەم تۆلەشكە تېگىشلىك بولسا، شۇنچىلىك تۆلەم تۆلىشى، ھېچ بولمىغاندا، يەتكۈچە ھاقارەتلەنگەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە 66 . 74 يۈەن تۆلەپ تۆلەپ بېرىش بىلەنلا ئىشنى بولدى قىلماسلىقى كېرەك.

بۇنىڭدىن سىرت، بۇ دېلونى بېجىرىشكە قاتناشقان خەلق ساقچىلىرىنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىپ، ئاقنى قارا قىلىپ كۆرسىتىش قىلمىشى يالغان ئىسپات ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جىنايى ئىشلار جىنايىتى شەكىللەندۈرگەنلىك بولامدۇ قانداق؟ ئۇلارغا پەقەت ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، پارتىيىدىن چىقىرىش، خىزمىتىدىن چېكىندۈرۈش جازاسى بېرىپلا ئىشنى تۈگىتىش كۇپايە قىلامدۇ؟

(«**جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى**»نىڭ **2001** ـ يىل **23** ـ ماي سانىدىن **قاھار ئوسمان** تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: نۇرگۈل كېرەم

## زەنجىۋىل قان توختىتىدۇ

خام زەنجىۋىلنى سوقۇپ مەلھەم قىلىپ، قان ئېقىۋاتقان ئورۇنغا چاپلىسا، قان توختىتىشتا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

(**تاھىر مامۇت** تەرجىمىسى)

# سۆيۈملۈك پارتىيە قىبلىگاھىمسەن

(جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىغا بېغىشلاپ)

**ھەبىبۇللا ئوسمان**

تىلغا ئالسام شۇ مۇبارەك پارتىيە نامىڭنى مەن،
ئېيتىخارىم تەنگە سىغماس شەۋكىتىڭ، شانىڭنى مەن.

سەن ئۈچۈن چەكسىز ئەقىدەم، بىغۇبار مېھرىم تىرەن،
سەن ياراتقاچ نۇرى نۇسرەت، باغۇ بوستان، گۈلچىمەن.

سەن بەخت ھۆرلۈك ئۈچۈن جاندىن كېچىپ قىلغاچقا جەڭ،
نى باھادىر، ئارسلانلار ئەرك ئۈچۈن ئاتلاندى تەڭ.

ئىگرىغان جانلار قۇتۇلدى دەرد ، زۇلۇم زىنداندىن،
قاندى تەشنالىقى تاڭغا نەۋ باھار گۈلباغىدىن.

بارچە مىللەت ئەجرى بىرگە نۇر بېرىپ تەڭ ھۆسنىگە،
چەكتى رەڭدار كەشتە گۈللەر ئانا جۇڭخۇا كۆكسىگە.

نى بورانلىق يىللى بىلەن تەڭ پۈتتى تارىخ، قىسمىتىڭ،
بارچە مىللەت قەلبىدىن ئالدى ئورۇن پاك خىسلىتىڭ.

خۇددى ئاي، چولپان كەبى غەپلەتنى ئويغاتقاچ نۇرۇڭ،
سەن جاھانىنىڭ كۆز نىشانى، تولغاچ پاسامەتكە يولۇڭ.

تەگرىتاغ چۈشتى ئۇسسۇلغا ياڭرىتىپ تەڭ مەدھىيە،
تىنچ، مۇقىملىق، ھۆر، ئىناقلىق بايرىمىڭغا تەنتەنە.

ئەي ئۇلۇغ، شانلىق قۇياشىم مەڭگۈ خاس ھۆرمەت ساڭا،
مىڭ تۈمەن خىسلەتكە تولغان تارىخىڭ ھېكمەت ماڭا.

سېنى قۇتلاپ نەزمە تىزدى كۆيچى ئوغلۇڭ ھەبىبۇل،
خەلقىمىز تەشەككۇرى ئۇ، پارتىيەم قىلغىن قوبۇل.

---

## جىمجىتلىقتىكى ئويلار

كىشىلەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشىنى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە ماس سۆزلەرنى دېيىشىنى، ئىشلارنى قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئاغرىنىدۇ، رەنجىيدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ توغرا بولۇپ، سېنىڭ خاتا بولسا، ئويلىنىپ سەۋەبىنى ئىزدە ! سېنىڭ توغرا بولسا، باشقىلارنىڭ خاتالىقى بىلەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ جازالىساڭ، بۇ دەل ئازابلىنىشنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالامدۇ؟

(**گۈلنار توختى** تەييارلىغان)

# «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ دوستلارغا ئېلانچاسى

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىدىغان، مەملىكەت بويىچە ئوچۇق تارقىتىلىدىغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىردىنبىر ئۆلكە دەرىجىلىك ئايلىق ژۇرنال.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىدۇ. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيىغا دائىر ئۇچۇرلارنى خەۋەر قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. ھەر مىللەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى، ۋەكىللىك ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتىگە دائىر مەلۇماتلارنى تەشۋىق قىلىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپى ۋە ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى خەلق ئاممىسىنىڭ سىرداش دوستى بولۇپ كەلدى ۋە بۇ دوستلۇق بۇرچىنى داۋاملىق ئادا قىلىدۇ.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى چەت ئەل پارلامېنتلىرىنىڭ ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى يەنە مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ساھەلەرگە ئائىت بىلىم، ساۋات، ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلىدۇ.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر قىسقا، ئىخچام ئەسەرلەر ئارقىلىق بەدىئىي تەلەپكارلارنىڭ ئىستېتىك زوقىنى قاندۇرىدۇ.

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ كۆزنىكى، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭ بارىسى، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىقنىڭ مۇنبىرى بولۇپ، ئوقۇشچانلىق، نەزەرىيىۋىلىك، تەربىيىچىلىك بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال ژۇرنال. ئۇ نەشىر قىلىنغاندىن تارتىپ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، ھۆكۈمەتلەر، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ، قانۇنچىلىق نەزەرىيىچىلىرىنىڭ زور ئوقۇشلۇقى بولۇپ كەلدى ۋە بارغانسېرى ھەر ساھە ئوقۇرمەنلىرىنىڭ تەلپۈنىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلانماقتا.

ژۇرنال ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ، مۇشتەرى بولۇشۇڭلارنى قارشى ئالىمىز.

بىز ئاپتورلارنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ سادىق دوستى، دوست گەپنى يۈزتۇرانە، ئوچۇق ئېيتىدۇ. شۇڭا تۆۋەندىكىلەرنى قايتا تەكىتلەيمىز:

1. ماقالە ئەۋەتكۈچىلەر خەتنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە ماقالە قەغىزىگە ئوچۇق، قۇر تاشلاپ يېزىپ ئەۋەتسە.

2. ماقالە بىزگە ئەۋەتىلگەن بولسا، باشقا گېزىت، ژۇرناللارغا كۆچۈرۈلمىسى تەكرار ئەۋەتىلمىسە. ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرى مول، ماقالە ئەۋەتىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز.

3. ژۇرنىلىمىز ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا قىسقارتىشقا ھوقۇقلۇق. بۇنداق قىلىنىشنى خالىمايدىغان ئاپتورلار ئەسكەرتىپ قويسا.

4. ماقالە ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنسىلا، ئۆلچەم بويىچە قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ.

5. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنمىغان ماقالىلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئاپتورلار ئورىگىنال نۇسخىسىنى قالدۇرۇپ ئەۋەتسە.

6. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ كۆز قارىشى، نۇقتىئىنەزىرى، ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيىسى ئاپتورنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق، ئۇ ژۇرنىلىمىزغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بىزدە، ژۇرنىلىمىزنىڭ سەممىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ باشقا گېزىت، ژۇرناللارنىڭ كۆچۈرۈپ بېسىشىغا، نەشرىياتچىلارنىڭ توپلام قىلىپ چىقىرىشىغا ياكى توپلام كىتابلارنىڭ ئىچىگە قوشۇپ نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. شۇنداق ئەھۋال بولۇپ قالسا ھەر ئىككى تەرەپكە زۆرۈرىيەتسىز ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

8. ژۇرنىلىمىزغا قايسى جەھەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەكلىپ، تەنقىد، پىكىر بېرىلسە خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمىز. بېرىلگەن تەكلىپ، تەنقىد، پىكىرلەر ئەھمىيەتلىك بولسا رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتى بېرىمىز.

كېلىڭلار دوستلار، ژۇرنالنى قول ئۇنتۇشۇپ بىللە ئىشلەيلى، بىللە ئىلگىرىلەيلى.

**سىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ، سالامەتلىك تىلەپ قول سوزغۇچى :**

**«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى**


# شىنجاڭدا مەبلەغ سېلىپ تەرەققىي قىلغان شياڭگاڭ يىدا گۇرۇھى




بۇ يىل 28 - ماي شياڭگاڭ يىدا گۇرۇھىنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى ياڭ مىندې خانىم شياڭگاڭ - شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش تور كېلىشىمىگە ئىمزا قويدى.

## شىنجاڭدا مەبلەغ سېلىپ تەرەققىي قىلغان شياڭگاڭ يىدا گۇرۇھى

1995 - يىلى شياڭگاڭ يىدا گۇرۇھى 50 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ، تۇرپاندا 50 مىڭ تۈرچۇقلۇق تۇرپان يىدا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنى قۇردى؛ 1998 - يىلى 2 - ئايدا 2 مىليون 400 مىڭ دوللار مەبلەغ سېلىپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى بىلەن بىرلىشىپ كۆلىمى 40 مىڭ مو كېلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ، شىنجاڭ يىدا دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسى شىركىتىنى قۇردى. بۇ شىركەت ئاساسلىقى پاختا قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسى مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى سۈپەتلىك ئۇزۇن تالالىق پاختا سورتىنى تەرەققىي قىلدۇردى. 1998 - يىلى 6 - ئايدا يەنە 29 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ، ئۈرۈمچى بوستان ئۇزۇن تالالىق پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ۋەيران بولغان مال - مۈلكىنى سېتىۋېلىپ، مۇستەقىل مەبلەغ سېلىپ، 460 مىڭ تۈرچۇققا ئىگە شىنجاڭ يىدا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنى قۇرۇپ چىقتى.



يىپ ئىگىرىش ئۈسكۈنىسى

# شياڭگاڭ شىنيىفا (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى

NYF

شىنيىفا گۇرۇھىنىڭ باش شتابى شياڭگاڭدا بولۇپ، ئۇ ئۇنىۋېرساللاشقان كارخانا گۇرۇھى. بۇ گۇرۇھنىڭ 26 تارماق شىركىتى بار، ئۇلار شياڭگاڭ، گۇاڭجۇ، شېنجېن، جۇخەي، كەيپىڭ، نەنجىڭ، شىنجاڭ، قازاقىستان، ئەنگلىيە، كامبودژىغا تارقالغان.

شىنيىفا گۇرۇھىنىڭ خەلقئارالىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت كەسپى 10 نەچچە يىللىق تىجارەت تارىخىغا ئىگە. ئاساسلىق تىجارىتى ماشىنا، موتسىكلىت زاپچاسلىرى، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار، خىمىيىۋى دورىلار، توقۇلما بۇيۇملىرى، ئاشلىق ـ مايلىق دان يېمەكلىكلىرى، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.



مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋجىيۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن شىنيىفا 2 ـ دەرىجىلىك پورت سودا شەھىرى قۇرۇلۇش تورىنى كۆزدىن كەچۈردى.



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن شىنيىفا گۇرۇھىنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقىنى ئىلھاملاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «شىنيىفا گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭغا مەبلەغ سالغانلىقى ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەلىگەنلىكىدە، ھۆكۈمىتىمىز چوقۇم زور كۈچ بىلەن قوللايدۇ».




2 ـ دەرىجىلىك پورت سودا شەھىرى قۇرۇلۇشىغا ئىمزا قويۇش مۇراسىمى



گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى لۇ رۇيخۇا شىنيىفا گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭغا مەبلەغ سالغان تورىنى كۆزدىن كەچۈردى.



پاكىستان سودا ئۆمىكى ۋەكىللىرى شىنيىفا قەشقەر مەبلەغ سېلىش تورىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارىماقتا.

مەملىكەت ئىچى [illegible] CN65 ـ 1160/D باھاسى:2.90 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت [illegible] 34 [illegible] ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى:01005433